بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئاشۇرىدىغان
قىزىقارلىق چۆچەكلەر

# تۈلكىدىنمۇ ئەقىللىق قاغا



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق



ISBN 978-7-5373-1617-0
9 787537 316170 >

ISBN978-7-5373-1617-0
（民文）定价： 7.00 元

بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئاشۇرىدىغان
قىزىقارلىق چۆچەكلەر

# تۈلكىدىنمۇ ئەقىللىق قاغا

تەرجىمە قىلغۇچى: پازىلجان مۇسا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

有趣的童话故事:维吾尔文/帕孜里江·木沙译.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.9
ISBN 978—7—5373—1617—0
Ⅰ.有… Ⅱ.帕… Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 143737 号

责任编辑:迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

# 有趣的童话故事

译者:帕孜里江·木沙

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 毫米　1/32 开本　3.5 印张
2008 年 9 月第 1 版　2008 年 9 月第 1 次印刷
印数:1 — 3080　　定价:7.00 元

---

如有质量问题,请与我社联系调换。电话:0998—2653927

# مۇندەرىجە


تېۋىپ بۆكەن ........................................ 1
زىرەك مىلا ........................................ 5
چەۋەنداز بىلەن ئۈچ ئەما ........................................ 9
مۇشۇك بىلەن ئاسلان ........................................ 13
تەدبىرلىك دۈگلى ........................................ 16
ۋەزىر بىلەن لەشكەر ........................................ 20
دانا قازى ........................................ 24
كىت، پىل ۋە بۆجەن ........................................ 28
ئەقىللىق توقۇمۇچى ........................................ 33
تۈلكە بىلەن ئاق قۇ ........................................ 37
دوراش ماھارىتى ........................................ 42
ئەقىللىق قىزچاق ........................................ 45
كىرپە بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ........................................ 49
تۈلكىدىنمۇ ئەقىللىق قاغا ........................................ 53
ئۈنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................................ 57
چېچەن بۈغا ........................................ 60
ئامبالنىڭ ئۈتتۈرغانلىقىغا تەن بېرىشى ........................................ 64
بوغما يىلاننى پەم بىلەن ئۆلتۈرۈش ........................................ 69
ئات ئىزدەش ........................................ 73
ئاچ كۆز دۆۋە ........................................ 76

www.uyghurkitap.com


ئۈچ قىز ........................................ 80
دېھقان ئايالنىڭ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈشى ........................ 84
توخۇ بىلەن تىمساھ ........................................ 87
دانىشمەن قازى ........................................ 91
ماشىنىچى بىلەن دىۋە ........................................ 95
ئەجدىھانى يوقىتىش ........................................ 99
زەھەرلىك يىلاننى پەم بىلەن ئۆلتۈرۈش ........................ 102
بىر كومزەك زەھەر ........................................ 105

# تيۋىپ بۆكەن

شىر ئورمانلىقتىكى هايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ناھايىتى زالىم، قەبىھ ۋە رەھىمسىز ئىكەن. هايۋانلار ئۇنىڭ دەردىنى يەتكۇچە تارتقاچقا، ھەممىسى ئۇنىڭغا چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە شىر تۇيۇقسىز ئاغرىپ قاپتۇ، ئاغ- رىغاندىمۇ خېلى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ ئاغرىق دەستىد- دىن تولغۇنۇپ، توختىماي ئىڭراپ:

— پىل ئىنىم، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، ئاغرىققا چى- دىيالماي قالدىم، — دەپتۇ.

ئادەتتە شىر پىلغا ھېچقانداق ئەسكىلىك قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن پىل ئۇنىڭغا ئۆچ ئىكەن. چۇنكى، شىر- نىڭ باشقا هايۋانلارنى بوزەك قىلىشى پىلغا زادىلا ياقمايدى- كەن. شۇنداقتىمۇ پىل ناھايىتى ئاق كۆڭۈل هايۋان بول- غاچقا، شىرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پىل كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئىرغاڭلى- تىپ بۆكەننىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. چۇنكى، بۆكەن مۇشۇ ئەتراپتا داڭق چىقارغان تيۋىپ ئىكەن.

پىل بۆكەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بۆكەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ سەك-

-رەپ كېتىپتۇ:

— كىم ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىغىدەك؟ ئۇنداق زا-لىمنى كىم داۋالىسا داۋالىسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۆچ، ئۇنى تېزرەك ئۆلسىكەن، دەيمەن.

— بۆكەن تېۋىپ، ئاغرىققا ئامال، ئۆلۈمگە سىقۋەت قىلىش سىزنىڭ بۇرچىڭىزغۇ! — دەپتۇ پىل.

— گەپ كىمنى قۇتقۇزۇشتا، ئۇ ئەبلەخ بۇ يەردىكى قانچىلىغان دوستلىرىمىزنى بوزەك قىلمىدى؟ ئۇ يەنە مې-نىڭ ئىككى ئوغلۇمنىمۇ يېۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا ئەشەددىي ئۆچ!

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار، ئۆتكەن ئىشقا سالى-ۋات، ھازىر شىر قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇڭ.

پىلنىڭ گەپ - سۆزلىرى بۆكەننى ئېرىتەلمەپتۇ. بۆ-كەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— بارمايمەن دېدىم بارمايمەن، ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بارمايمەن! — دەپتۇ.

پىل ئامالسىز بۆكەننىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىقىپ، ئورمانلىقتا تېۋىپ ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. بارلىق ھايۋانلار شىر-غا ئۆچ بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغۇسى كەلمەپتۇ.

شىرنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئۇققان مايمۇن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپتۇ - دە، پىلنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋېلىپ، دەرەخ شېخى بىلەن پىلنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بۆكەننى قايىل قىلىپ، شىرنىڭ كېسىلى-نى داۋالاپ قويۇشقا ئۇنىتىشىمغا ئىشىنەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پىل خارتۇمىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، مەن سېنى بۆكەننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ با-راي، — دەپتۇ.

پىل مايمۇننى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ، بىردەمدىلا بۆ-كەننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

مايمۇن بۆكەننىڭ قۇلىقىغا بىر هازا پىچىرلاپتۇ. بۆ-كەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، بولىدۇ، مايمۇن ئىنىمنىڭ يۈزىنى قى-لىپ بارساممۇ باراي، — دەپتۇ.

پىل بۆكەن بىلەن مايمۇننى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ، بىردەمدىلا شىرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. قارىسا شىر راستىنىلا قاتتىق بىتاب بولۇپ ياتقۇدەك.

بۆكەن شىرغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— هۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، نەلىرى ئاغرىي-دۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— هەممە يېرىم... پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىيدۇ، ئاغرىق دەستىدىن بولالماي قالدىم...

بۆكەن شىرنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ قارىۋەتكەندىن كې-يىن:

— ئاغرىقىنى بىكار ئەمەسكەن، چىشلىرى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپتۇ، تارتىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك، — دەپتۇ.

— ئاغرىق توختايدىغانلا ئىش بولسا تارتىۋەتسىڭىزمۇ

www.uyghurkitap.com

تارتىۋېتىڭ، — دەپتۇ شىر.

شۇنىڭ بىلەن بۆكەن شىرنىڭ چىشلىرىنى پۈتۈنلەي تارتىۋېتىپتۇ، ئاندىن شىرغا قاراپ:

— تىرناقلىرىنىمۇ كۆرۈپ باقاي، بەزىدە تىرناقمۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

شىر تىرناقلىرىنى چىقارغانىكەن، بۆكەن قاراپلا:

— ئاپلا، تىرناقلىرى يالاڭغىلىنىپ كېتىپتۇ، ئىلدىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك، — دەپتۇ-دە، مايمۇن، پىلىلارنىڭ ياردىمىدە شىرنىڭ تۆت پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى قالدۇرماي ئېلىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئىككى بولاق دورا بېرىپ، ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ.

شىر دورىنى ئىچكەن ئىكەن بىردەمدىلا ئاغرىق توختاپتۇ. بىراق، بىردىنلا ئەسلىدىكى ۋەھشىي ھالىتىگە قايتىپتۇ:

— سىلەر كېسىلىمنى داۋالاپ قويدۇڭلار، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن سىلەرنى يەيمەن!

بۆكەن شىرغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئىت پوق يەيدىغان ئادىتىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيدۇ، مەن سېنىڭ شۇنداق قىلىشىڭنى ئويلاپ يەتكەن، — دەپتۇ.

مايمۇنمۇ چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ، مەسخىرە ئارىلاش ھالدا:

— پادىشاھ، سېنىڭ چىشىڭمۇ، تىرنىقىڭمۇ بولمىسا بىزنى قانداق يېيەلەيسەن؟ — دەپتۇ.

شىر ھەسرەتلەنگەن ھالدا لەسسىدە بوشىشىپ، مىدىر-سىدىر قىلالماي يېتىپ قاپتۇ.

# زىرەك مىللا

بۇرۇن بىر تۇل ئايال بولۇپ، ئوغلى مىللا بىلەن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ مىللا چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى مىللانىڭ ئانىسى:

ئوغلۇم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزۈڭ قامدىغىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مىللا بازارغا بېرىپتۇ ۋە بىر بايغا ياللىنىپ ئىشلىمەكچى بوپتۇ. مىللا باينىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، باي بىر - ئىككى كۈنگىچە ئۇنى ئىشقا سالماپتۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللا جىددىيلىشىپ بايدىن:

— باي ئاكا، مەن قىلغۇدەك ئىش يوقمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— بار، بار، لېكىن ئەتە قىلىمىز،— دەپتۇ باي.

ئەتىسى باي مىللاغا بىر كالىنى سويدۇرۇپ، تېرىسىنى ئاجرانقۇزۇپتۇ، ئاندىن ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ كېلىپ، قورۇق تاغاردىن تۆتنى ئېلىپ، مىللا بىلەن بىرگە ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، بىر تاغنىڭ باغرىغا كەپتۇ. باي مىللاغا تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى يۈك - تاقلارنى چۈشۈرگۈزۈپتۇ، ئاندىن كالا

تېرىسىنى ئېچىپ يەرگە سېلىپ، مىلانى تېرىنىڭ ئۈستىدە يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. مىلا تېرىنىڭ ئۈستىدە يېتىشى بىلەن تەڭ، باي تېرىنى مىلا بىلەن قوشۇپ يۆگەپ، ئارغامچا بىلەن مەھكەم تېڭىپ قويۇپ، ئۆزى يوغان بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ.

تۇيۇقسىز، ناھايىتى يوغان ھەم ياۋۇز ئىككى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، تۇمشۇقى بىلەن كالا تېرىسىنى چىشلەپ، تاغ چوققىسىغا ئاچىقىپ، چوقۇلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. مىلا شۇندىلا تېرە ئىچىدىن چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇشلار ئۈركىگەن پېتى قېپقالغان كالا تېرىسىنى چىشلەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، مىلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان باي:

— پۇتۇڭنىڭ ئاستىدىكى گۆھەرلەرنى ماڭا تاشلاپ بەر، تېزرەك بول، — دەپ توۋلاپتۇ.

مىلا قارىسا ئەتراپىدا جاۋاھىراتلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن، ئۇ گۆھەرلەرنى بىر - بىرلەپ بايغا تاشلاپ بېرىپتۇ. باي بىردەمدىلا تۆت تاغارنى گۆھەر بىلەن توشتۇرۇپتۇ، ئاندىن مىلا بىلەن كارىمۇ بولماي، تۆت تاغار گۆھەرنى ئىككى تۆگىگە ئارتىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. مىلا شۇ چاغدىلا باينىڭ قارا نىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

مىلا ھەرقانچە قىلىپمۇ تاغدىن چۈشىدىغان يول تاپالماپتۇ. قارىسا ئەتراپىدا نۇرغۇن جەسەت سۆڭەكلىرى تۇرغۇدەك. مىلا بۇ سۆڭەكلەرنىڭ ھېلىقى بايغا ياللىنىپ ئىشلى-

گەن ئىشلەمچىلەرنىڭ سۆڭىكى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

توساتتىن بىر بۆركۈت مىلاغا قاراپ ئۇچۇپ كەپتۇ. مىلا دەرھال كاللىسىنى ئىشلىتىپ، بۆركۈتنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋاپتۇ. بۆركۈت ئۇچقانسېرى پۇتى ئاغرىپ ھەم ھېرىپ، ئاخىر بىر دەريانىڭ بويىغا قونۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلانىڭ جېنى ئامان قاپتۇ.

مىلا ھېلىقى كۆڭلى قارا باينىڭ چوقۇم باشقا ياشلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى جايلىۋەتمەكچى بوپتۇ.

مىلا يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ باشقىچە ياسىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بازارغا بېرىپتۇ. دېگەندەك بايمۇ بازاردا ياللايدىغان ئادەم ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. مىلا ئەسكى تۇماقتىن بىرنى كىيىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ باينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئاۋازىنى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقىرىپ:

— بېگىم مېنى ئىشلەتمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيۈمدىكى ئىشلار بەك تەس، ھەقىنىمۇ ئاز بېرەمەن، — دەپتۇ باي.

— ھېچقىسى يوق، پەقەت قورسىقىم تويسىلا بولدى.

باي مىلانى تونۇيالماپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇ مىلانىڭ ھايات قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ، باي مىلانى ياللاپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. مىلا ئاۋۋالقىدەك ئىككى كۈن ئارام ئاپتۇ، ئاندىن ئۇلار بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى ئاجرىتىپ، ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ، تۆت تاغارنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ھېلىقى تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە باي يەنە مىلانى تېرىنىڭ ئۈستىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. مىللا:

— مەن قانداق يېتىشنى بىلەلمىسەم، سىز كۆرسى-تىپ قويغان بولسىڭىز؟ — دەپتۇ.

باي تېرىنى يەرگە سېلىپ ئۈستىدە يېتىپ، مىللا كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ. مىللا تېزلىك بىلەن تېرىنى باي بىلەن قوشۇپ يۆگەپ، ئارغامچا بىلەن چىڭ تىكىپ قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن شۇنداق ياۋۇز ئىككى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، كالا تېرىسىنى چىشلەپ تاغ چوققىسىغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ ۋە كالا تېرىسىنى چوقۇلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار تازا مەززە قىلىپ يەۋاتقاندا باي تېرىدىن چىقىپ قاپتۇ. باينى كۆرگەن قۇشلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

باي ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، مىللا پەستە تۇرۇپ توۋلاپتۇ:

— باي ئاكا، ئالدىنقى قېتىم مەن سىزگە گۆھەرلەر-نى تاشلاپ بەرگەندەك، سىزمۇ ماڭا تېزرەك تاشلاپ بې-رىڭ، قانچە تېز تاشلىسىڭىز شۇنچە ياخشى، تۆت تاغار توشقۇچە تاشلاڭ!

باي شۇندىلا مىلانى تونۇپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن:

— ھەي، ئالدىنقى قېتىم سەن تاغدىن قانداق چۈش-كەن؟ — دەپ سوراپتۇ. مىلا:

— ئەتراپىڭىزدىكى ئاۋۇ جەسەت سۆڭەكلىرىدىن سو-راڭ، شۇلار ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ - دە، تۆت تاغار گۆھەرنى ئىككى تۆگىگە ئارتىپ، ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

# چەۋەنداز بىلەن ئۈچ ئەما

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا ئۈچ ئەما بار بولۇپ، ئۇلار بىر-گە تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. بىر كۈنى بىر چەۋەنداز يول-دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنى كۆرۈپتۇ ۋە:

— دوستلار توختاڭلار! مەن سىلەرگە بىر تىللا بېرى-مەن، چوقۇم ئۈچۈڭلار تەڭ بۆلۈشۈڭلار كېرەك، ھېچ-كىمنىڭ يالغۇز ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت يوق، — دەپتۇ.

ئۈچ ئەما بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە «بۇ ئادەم تىللانى ئارىمىزدىكى بىرەيلەنگە بەردى» دەپ ئويلاپتۇ، ئەمەلىيەتتە چەۋەنداز ھېچكىمگە بىر تىيىنمۇ بەرمىگەنىكەن. چەۋەنداز-نىڭ مەقسىتى بۇ ئۈچ ئەمانىڭ زادى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئىكەن.

— بۈگۈن بۇ ئاق كۆڭۈل، سېخىي ئادەمنىڭ ھىممى-تى بىلەن بىر تىللاغا ئېرىشتۇق. ياخشىسى ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر تويۇۋالايلى، — دەپتۇ بىر ئەما.

— مەيلى، كىرسەكمۇ كىرەيلى، تۇزۇكرەك تاماق يېمىگىلى خېلى ئۇزاق بوپتۇ، — دەپتۇ قالغان ئىككى ئەما.

ئۈچ ئەما سىيپاشتۇرۇپ بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. خوجايىن ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىگە قارىسا پۇلى يوقتەك قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھەشەمەتلىك بې-

زەلگەن ئايرىمخانىغا باشلاپتۇ ھەمدە مول داستىخان راسلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار مەززىلىك تائاملارنى ھوزۇرلىنىپ يەپ، قورسىقىنى راسا تويدۇرۇپتۇ. تائاملار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن خوجايىن ھېساب قىلىۋېتىشنى ئېيتىپتۇ.

— بىزدە بىر تىللا بار، سىز ئاشقان پارچە پۇللارنى بىزگە بەرسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ بىر ئەما.

ئۇلار شۇنداق دېگەنبىلەن ھېچكىم يانچۇقىدىن تىللانى چىقىرالماپتۇ. ئۇلاردىن پۇل چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن خوجايىننىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ-دە، ئۇلارنى كالتەك بىلەن دۇمبالاپ ئاچچىقىنى چىقارماقچى بوپتۇ.

بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان چەۋەنداز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ خوجايىننى توسۇۋاپتۇ ۋە:

— ئۇلارنى ئۇرماڭ، بۇ پۇلنى مەنلا تۆلىۋېتەي، — دەپتۇ.

خوجايىن ئۇچ ئەمانى قويۇۋېتىپتۇ.

— بۈگۈن يانچۇقۇمغا پۇل سېلىۋالماپتىمەن. مۇشۇ يەردىكى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقىغا يېلىنماقتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلىدۇ. ئۇ مېنىڭ قەدىناس دوستۇم ئىدى. سىز ئۇنى تونۇمسىز؟ — دەپتۇ چەۋەنداز.

— تونۇمامدىغان، ئەلۋەتتە تونۇيمەن. ئۇ دېگەن داڭلىق دوختۇر تۇرسا، — دەپتۇ خوجايىن.

چەۋەنداز خوجايىننى باشلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا دوختۇرخانا باشلىقى كېسەل كۆرۈۋاتقانىكەن. چەۋەنداز خوجايىننى سىرتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ

قويۇپ، ئۆزى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپتۇ ۋە:

— دوختۇرخانا باشلىقى سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قاراڭ ئۇ مېنىڭ قوشنام ئىدى، تۈنۈگۈن كەچتە تۇيۇقسىز ساراڭ بولۇپ قېلىپ، بىزنى بىر كېچە ئۇخلاتمىدى، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى داۋالاپ قويغان بولسىڭىز،— دەپ سىرتتا ئولتۇرغان خوجايىننى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. دوختۇرخانا باشلىقى سىرتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان خوجايىننى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. خوجايىن دوختۇرنىڭ باش لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

چەۋەنداز خوجايىننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قەدىناس دوستۇم مەن ئۇچۇن پۇلنى تۆلىۋېتىشكە قوشۇلدى، ئەمدى مەن ماڭاي،— دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

چەۋەنداز كېتىپتۇ، دوختۇرخانا باشلىقى باشقا بىمارلارنى كۆرۈپ بولۇپ خوجايىنغا قاراپ:

— قېنى كىرىڭ،— دەپ، ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ.

خوجايىن كىرىپتۇ، دوختۇرخانا باشلىقى:

— تۆگمىڭىزنى يېشىڭ، تەكشۈرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

خوجايىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ:

— نېمە، قەرز قايتۇرسىڭىزمۇ سالامەتلىك تەكشۈرەمسىز؟— دەپتۇ.

خوجايىننىڭ ئاچچىقلانغان ھالىتىنى كۆرگەن دوخ-
تۇرخانا باشلىقى بۇ ئادەم راستتىنلا «ساراڭكەن»، دەپ
ئويلاپ، سىپايىلىك بىلەن:
— ماڭا ئىشىنىڭ، كېسىلىڭىزنى كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن، دورا بېرىمەن، ئەقىل - ھوشىڭىز جايىغا
كېلىدۇ، — دەپتۇ. خوجايىن:
— تولا قۇرۇق گەپ قىلماي پۇلۇمنى بەر، — دەپ
ۋارقىراپتىكەن، شۇ ھامان ئىككى قوغدىغۇچى كىرىپ خو-
جايىننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، سۆرەپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ.
خوجايىن شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ چەۋەندازنىڭ ئالدام
خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.



# مۈشۈك بىلەن ئاسلان

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا مەلۇم بىر كەنتتە بىر دېھقان بىر ئالا مۈشۈك باققانىكەن. بۇ مۈشۈك ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئوماق بولۇپ، يولۋاس بالىسىغىلا ئوخشايدىكەن.

كېيىن بۇ مۈشۈك بىر ئاسلان تۇغۇپتۇ. ئاسلاننىڭ تېرىسىمۇ ئالا بولۇپ، ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاي-دىكەن. بىر يىلدىن كېيىن ئاسلان ئانىسى بىلەن تەڭ بوپتۇ. موينىرىنىڭ رەڭگى، بويىنىڭ ئېگىزلىكى، ئورۇق-سېمىزلىكى ئانىسى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ، مۈشۈك-نىڭ ئىگىسىدىن باشقا ھېچكىممۇ قايسىسى ئانىسى، قاي-سىسى ئاسلان ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايدىكەن.

بىر كۈنى مۈشۈكنىڭ ئىگىسى بىرنەچچە بۇرادىرىنى ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. سورۇن قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا توك كېتىپتۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا شۇ مەھەللىلىك بىر بالا ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. سىرتقا چىقىشقا خۇشياقماي تۇرغان ئۆي ئىگىسىنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كەپتۇ - دە، ئۇ بالىنى تۇۋلاپتۇ:

— بالام ئۆيگە كىر، ساڭا پىرەنىك بېرىمەن.

ھېلىقى بالا ئۆيگە كىرىپتۇ. لېكىن ئۆي ئىگىسى:

— بالام مەن ساڭا پىرەنىڭنى بىكارغا بەرسەم بولماس، سېنى بىر سىناپ باقاي، ئەگەر سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلىسەڭ پىرەنىڭنى ھازىرلا بېرىمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ، دۇكانغا بېرىپ شام ئەكىلىپ بېرىسەن، — دەپ شەرت قويۇپتۇ.

ھېلىقى بالا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ:

— قېنى سوراڭ، — دەپتۇ.

— ئۆيۈمدە ئىككى مۈشۈك بار، ئۇنىڭ بىرى ئانا مۈشۈك، يەنە بىرى ئاسلان. سەن ئۇنىڭ قايسىسىنىڭ ئانىسى، قايسىسىنىڭ ئاسلان ئىكەنلىكىنى ئايرىيالامسەن؟ — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى.

ھېلىقى بالا بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ، داستىخاندىكى ئېشىپ قالغان تاماقنى قاراپتۇ ۋە بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ:

— تاغا، ئەگەر ئايرىيالىسام پىرەنىڭنى ھەسسىلەپ بېرىسىز جۇمۇ، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، چاتاق يوق، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى.

ھېلىقى بالا خۇشال بولۇپ داستىخاندىن بىر توغرام گۆشنى ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئىككى مۈشۈك تەڭلا ئېتىلىپ كەپتۇ. بىراق، بىردەمدىن كېيىن بىر مۈشۈك كەينىگە يېنىپ، بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، يەنە بىر مۈشۈك گۆشنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

ھېلىقى بالا مۈشۈكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قاراڭ تاغا، ئاۋۇ چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنى ئانا مۈشۈك، ئاۋۇ گۆش يەۋاتقىنى ئاسلان، — دەپتۇ.

كىچىككىنە بالىنىڭ بۇنى تېپىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئۆي ئىگىسى:

— سەن قانداق بىلەلىدىڭ؟— دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇكمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش بالىسىغا كۆيۈنىدۇ، گەرچە ئانا مۇشۇكنىڭ قورسىقى ئاچ بولسىمۇ، لېكىن گۆشنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى ئاچ قالسىمۇ بالىسىغا يېگۈزىدۇ،— دەپتۇ ھېلىقى بالا.

ئۆي ئىگىسى بىلەن مېھمانلار بۇ بالىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۆي ئىگىسى بۇ بالىغا شام ئەكەلدۈرەلمىگەننىڭ ئۈستىگە ھەسسىلەپ پىرەنىك بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# تەدبىرلىك دۆڭلى

بۇرۇن مېيگولۇك دەرياسىنىڭ سۈيى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كېمىلەر ئۇياق - بۇياققا قاتناپ مال ۋە ئادەملەرنى توشۇيدىكەن. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن 40 كۈن كېتىدىكەن. كېمىچىلەر ئىچىدە بىر قارا نىيەت كېمىچى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى ياللاپ ئىشلىتىدىكەنۇ، ياللانغۇچىلارغا تاماقتىن باشقا ئىش ھەققى بېرىشنى خالىمايدىكەن.

بىر قېتىم بۇ قارانىيەت كېمىچى دۆڭلى ئىسىملىك يىگىتنى ياللاپتۇ. كېمە پرىستاندىن يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا كېمىچى دۆڭلىغا:

— يىگىت، بۇ يەردە توخۇ ئەرزان، ئۇ تەرەپتە توخۇ بەك قىممەت، سەن بىر توخۇ ئېلىۋال، ئۇ تەرەپكە بارغاندا سېتىۋەتسەڭ كۆپ پايدا ئالالايسەن، — دەپتۇ. دۆڭلى «بۇ كېمىچى خېلى ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئىككى توخۇ سېتىۋېلىپ، كېمىگە ئېلىۋاپتۇ.

20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كېمە نىشانغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە ھېسابات قىلىنىپتۇ.

— بۇ سەپەردە سېنىڭ ئىش ھەققىڭ ئۈچۈن 12 تەڭگە بېرەتتىم. لېكىن، سېنىڭ ئىككى توخۇيۇڭ نۇرغۇن يەم

يېدى، يەنە ئىككى توخۇنىڭ كىراسىنى قوشساق جەمئىي 16 تەڭگە بولىدۇ. شۇڭا، سەن ماڭا تۆت تەڭگە بېرىشىڭ كېرەك،— دەپتۇ كېمىچى.

دۇڭلى ئىش ھەققى ئالالمىغانىنىڭ ئۈستىگە كېمىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئۇ ئىككى كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر ئامال ئويلاپ چىقىپتۇ ۋە قارا نىيەت كېمىچىگە تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ. دۇڭلى بازاردىن ئوپمۇئوخشاش شەمشەردىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ، قوينىغا تىقىۋاپتۇ، ئاندىن پرىستانغا بېرىپ، كېمىچىگە قايتىدىن ياللانماقچى بوپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا كېمىچى دەل كېمىسىگەماللارنى قاچىلاپ بولۇپ، ئادەم ياللاي دەپ تۇرغاچقا، دۇڭلىنى قايتىدىن ياللاپتۇ.

بۇ قېتىم كېمىچى دۇڭلىغا:

— يىگىت بۇ يەردىن ئىككى دانە ئۆردەك سېتىۋالغاچ كەتكىن، ئۇ تەرەپتە ئۆردەك ناھايىتى قىممەت، بىراق بۇ قېتىم ئۆردەككە يەم پۇلى ۋە كىرا ھېسابلىمايمەن،— دەپتۇ. دۇڭلى ئۇنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ.

كېمە مېيگۇڭ دەرياسىدا 10 كۈن مېڭىپتۇ. دۇڭلى قوينىدىكى شەمشەردىن بىرنى چىقىرىپ قەستەن ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ. شەمشەرنىڭ سېپى ساپسېرىق بولۇپ، تىغى ۋالىلداپ پارقىراپ تۇرىدىكەن. كېمىچى بۇ شەمشەرنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. دۇڭلى قەستەن تەمتىرەپ كەتكەن بولۇپ، شەمشەرنى دەرياغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. كېمىچى ئىنتايىن قارا نىيەت بولغاچقا، شەمشەرنى قولغا

چۈشۈرۈشنى ئويلىغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن كېمىچى دۈڭ-لىنىغا دەرياغا چۈشۈپ شەمشەرنى تېپىپ چىقىشنى بۇيرۇپ-تۇ. دۈڭلى كېمىنىڭ قىرىغا بەلگە سىلىپ قويۇپتۇ.

— بۇ يەردە سۇ ناھايىتى شىددەتلىك ئېقىۋېتىپتۇ. كېمە پىرىستانغا بارغاندا مۇشۇ بەلگە بويىچە دەرياغا چۈشۈپ ئىزدەپ تاپىمەن، — دەپتۇ.

كېمە مېڭىۋېرىپتۇ. شەمشەر چوڭقۇر دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، كېمىچى ئۇ شەمشەرنى تېپىپ چىقالمايدۇ، دەپ ئويلاپ:

— يىگىت، بىز باغلىشايلى، ئەگەر پىرىستانغا بارغان-دىن كېيىن شەمشەرنى تېپىپ چىقالىساڭ ئۈچ يىللىق ئىش ھەققى بېرىمەن. ئەگەر تېپىپ چىقالمىساڭ بۇ قې-تىمقى ئىش ھەققىڭ، ئىككى ئۆردەك مېنىڭ بولىدۇ، يەنە ماڭا ئۈچ يىلغىچە بىكارغا ئىشلەپ بېرىسەن، قانداق، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەمىسە كېلىشتۇق، — دەپتۇ دۈڭلىمۇ.

كېمە پىرىستانغا بارغاندىن كېيىن دۈڭلى بەلگە سېلىپ قويغان جايدىن سۇغا سەكرەپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن دۈڭلى بىر قولىدا شەمشەرنى كۆتۈرگەن ھالدا سۇدىن چىقىپتۇ ھەمدە كېمىگە چىقىپ كېمىچىنىڭ گېلىغا شەمشەرنى تەڭ-لەپتۇ. كېمىچى قارىسا، دەل ھېلىقى ساپلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان شەمشەر دۈڭلىنىڭ قولىدا تۇرغۇدەك.

كېمىچى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا گېپىدىن يېنىۋېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، دۈڭلىغا ئۈچ يىل-لىق ئىش ھەققى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

دۈگلى ئىككى ئۆردىكىنى كۆتۈرۈپ، ئۈچ يىللىق ئىش ھەققىنى ئېلىپ، خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيىگە راۋان بولۇپتۇ.



# ۋەزىر بىلەن لەشكەر

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر پادىشاھ چارلاشقا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمى ئويۇلغان ئۈزۈكىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئۈزۈكنى تېپىۋالغۇچىلار ئۈزۈكنى تاپشۇرۇپ بەرسە چوڭ ئىنئام بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۈزۈكنى تېپىۋالغان بىر لەشكەر ئۈزۈكنى ئۆز قولى بىلەن پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئوردىغا كەپتۇ. لېكىن، ئوردا قاراۋۇللىرى ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزمەپتۇ. لەشكەر ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن قاراۋۇللار ئاندىن ئوردىغا كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. بىراق، پادىشاھ تۇرىدىغان قەسىرگە ئاز قالغاندا، باش ۋەزىر ئۇنى توسۇۋاپتۇ:

— بۇ دېگەن شاھ ئوردىسى، سەن بۇ يەرگە كېلىشكە قانداق پېتىندىڭ؟

— مەن پادىشاھىمىزنىڭ ئۈزۈكىنى تېپىۋالغان، تاپشۇرۇپ بېرەي، دەپ كېلىشىم.

— ئۇنداقتا ياخشى، سەن ئۈزۈكنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسەڭ بولىدۇ. مەن پادىشاھىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

لەشكەر بۇ ۋەزىرنىڭ باشقا نىيەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، پادىشاھىمىزغا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىدىمەن دەپ، تۇرۇۋاپتۇ.

— بۇمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۆز قولۇڭ بىلەن تاپشۇرۇپ بەرگىن. بىراق، ۋاقتى كەلگەندە پادىشاھ ئىنئام قىلغان تارتۇقنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرىشىڭ كېرەك، — دەپ بېسىم قىپتۇ ۋەزىر.

لەشكەر سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ. پەقەت ئۆزلىرى مېنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىمگە رۇخسەت قىلسىلىلا، تارتۇقنىڭ يېرىمىنى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىشكە رازىمەن، — دەپتۇ.

— ئاغزىڭدىكى قۇرۇق گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بىز ياخشىسى تىلخەت يېزىشىۋالايلى!

شۇنداق قىلىپ، لەشكەر تىلخەت يېزىپ بېرىپتۇ. تىلخەتنى يازدۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋەزىر خۇشال ھالدا ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا بىر لەشكەرنىڭ ئۇزۇكنى تېپىۋېلىپ، ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ خۇشال بولۇپ، دەرھال لەشكەرنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. لەشكەر ئۇزۇكنى ئېھتىرام بىلەن پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ شۇ ھامان ئوردا خەزىنىچىسىگە: «بۇ لەشكەرنى ھازىرلا 1000 تىللا بىلەن تارتۇقلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن لەشكەر دەرھال رەت قىپتۇ:

— ياق، ماڭا تىللا كېرەك ئەمەس، مېنى پەقەت يۈز دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇسىلا!

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ھەيران قالغان ھالدا.

— مەن پەقەت شۇنداق بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلىمەن. پادىشاھ لەشكەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى 100 دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا لەشكەر تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھئالەم سىلىنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ 100 دەررە ئىنئاملىرىنى مەن ئۆزۈملا تۈگىتىۋەتسەم بولمايدۇ. مېنىڭ يەنە بىر شېرىكىم بار، سىلى قانداقلا تارتۇق قىلسىلا، ئىككىمىز تەڭ بۆلۈشمەكچى بولۇشقانىدۇق، — دەپتۇ.

— ئۇ كىم؟

لەشكەر ۋەزىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇ دەل سىلىنىڭ ۋەزىرلىرى، ئۇ مېنى سىلى بەرگەن ئىنئامنى بۆلۈپ بېرىشكە قىستىغانىدى، بولمىسا ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا! — دەپ ھېلىقى تىلخەتنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ.

پادىشاھ تىلخەتنى كۆرگەندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ:

— سەن ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەنسەن! سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە، دەررىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرەيلى! — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياساۋۇللار ۋەزىرنى 50 دەررە ئۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا لەشكەر يەنە:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مېنىڭ سىلىنىڭ ئىنئاملىرىدىن قىلچە تەمەيىم يوق. شۇڭا، مېنىڭ نېسىۋەمنىمۇ

ئۇنىڭغا بەرگەن بولسىلا!— دەپتۇ.

— بولىدۇ. سىنىڭ دىگىنىڭ بويىچە بولسۇن!

شۇنىڭ بىلەن ئاچ كۆز ۋەزىر يەنە 50 دەررە يەپتۇ.

پادىشاھ لەشكەرنىڭ سەممىيىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى 2000 تىللا بىلەن تارتۇقلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# دانا قازى

ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى بىر كەمبەغەل بىر تال گۆھەر تېپىۋېلىپ، ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇ گۆھەرنى بىرنەچچە تۇياق قوي - كالىغا تېگىشىپ، باياشات تۇرمۇش كۆچۈرمەكچى بوپتۇ.

ئۇ تۇرۇۋاتقان قەبىلىدە تولىمۇ ئاچ كۆز بىر باي بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ باي ھېلىقى كەمبەغەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەن گۆھىرىڭنى ماڭا بەرگىن. مەن ئۇنى خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ، سەن ئۈچۈن دۇئا - تىلا-ۋەت قىلدۇراي، بىر ئايدىن كېيىن، تۇرمۇشۇڭ ناھايىتى باياشات بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

كەمبەغەل باينىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، گۆھەرنى ئۇ-نىڭغا بېرىۋېتىپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن، كەمبەغەل ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى، چىرايلىق كىگىز ئۆي، قېتىق، قايماقلاردىن ئەسىرمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە باينى ئىزدەپ بېرىپ، گۆھەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ. باي ئۇنىڭ گۆھىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەيلا قالماستىن، يەنە تېخى: «مەن نەدە سەندىن گۆھەر

ئالدىم. مەندە ئۆزۈم تېپىۋالغان گۆھەر بار» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

كەمبەغەل بايدىن گۆھەرنى ئالالمىغاندىن كېيىن، باينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. ئامبال ئۇنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن:

— باينىڭ سېنىڭ گۆھىرىڭنى ئېلىۋالغانلىقىنى بىرەرسى كۆرگەنمىدى؟— دەپ سوراپتۇ.

كەمبەغەل كىشى باش چايقاپتۇ. ئامبال:

— ئۇنداقتا گۆھەرنى سېنىڭ تېپىۋالغانلىقىڭنى ئىسپاتلاشقا باشقا ئامال يوق، سەن يەنىلا قايتىپ كەت! — دەپتۇ.

كەمبەغەل كۆڭلى يېرىم هالدا، كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇ بىر قازىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. قازى ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ:

— كۆڭلۈڭدە قانداق ئىش بولسا ماڭا ئېيت، ئېهتىمال ساڭا ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن،— دەپتۇ.

كەمبەغەل باينىڭ گۆھەرنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى، ئامبالنىڭمۇ ئۆزى ئۇچۇن ئادالەتنى ياقلىمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قازى:

— بۇ ئىشنى هەل قىلىش ئاسان. مەن ساڭا ياردەم قىلاي،— دەپتۇ.

قازى هېلىقى باينى تېپىپ، ئۇنىڭدىن:

— گۆھەرنى ئۆزىڭىزنىڭ تېپىۋالغانلىقىڭىزغا قانداق پاكىتىڭىز بار؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەن گۆھەرنى تېپىۋالغاندىكىنىمدا ئۈچ كىشى بار ئىدى. ئۇلار ئىسپات بولالايدۇ!

قازى بايغا ھېلىقى ئۈچ كىشىنى چاقىرتىپ كېلىپ ھەمدە ئۇلاردىن:

— سىلەر راستتىنلا باينىڭ گۆھەر تېپىۋالغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى ئۈچ كىشى تەڭلا ئۆزلىرىنىڭ راستتىنلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكلىرىنى ئېيتىشىپتۇ. قازى:

— ئۇنداقتا، سىلەر بۇ گۆھەرنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىسىلەرغۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېنىق بىلىمىز.

قازى ھېلىقى كەمبەغەل كىشىنى، باينى ۋە ئۈچ گۇۋاھچىنى بىر ئۆيگە چاقىرىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر- بىرىگە بىر كۇمىلاچتىن لاينى تۇتقۇزۇپ:

— ھەممىڭلار قولۇڭلاردىكى لايدىن گۆھەرنىڭ شەكلىنى ياساپ چىقىڭلار. بىراق، مەن چوقۇم بىردىن يۈزگىچە ساناپ بولغۇچە، ياساپ بولۇشۇڭلار كېرەك، — دەپتۇ.

دېگەندەك، قازى بىردىن يۈزگىچە ساناپ بولغۇچە ھەممەيلەن گۆھەرنىڭ شەكلىنى ياساپ پۈتكۈزۈپتۇ. بىراق، باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ ياسىغىنى ئوخشاش بولغىنىدىن باشقا، ھېلىقى ئۈچ گۇۋاھچى گۆھەرنىڭ شەكلىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل شەكىلدە ياساپ چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قازى:

— باي بىلەن كەمبەغەل گۆھەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولغاچقا، ئەينەن ياساپ چىقالىغان. بۇ ئۈچ گۇ- ۋاھچى گۆھەرنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان. شۇڭا، گۆھەرگە ئوخشىتىپ ياساپ چىقالمىغان. مانا بۇ ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ ساختا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. باي بۇ ئۈچ كىشىنى ساختا گۇۋاھچىلىققا تارتقان. دېمەك، ئۇمۇ يالغان سۆزلىگەن. شۇڭا، گۆھەرنى تېپىۋالغان كىشى دەل كەم- بەغەل، — دەپتۇ.

ئامبال قازىنىڭ بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش جەر- يانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنى 50 نەچچە تۇياق قوي - كالا بىلەن تارتۇقلى- غاندىن باشقا، ھېلىقى ئاچ كۆز باي ۋە ساختا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن ئۈچ كىشىنى دۆلەت چېگرىسىدىن ھەيدەپ چىقى- رىشنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ھېلىقى كەمبەغەلنىڭ گۆ- ھىرىنى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىت، پىل ۋە بۆجەن

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، كۆل رەڭ بۆجەن دېڭىز بويىدا دېڭىز يۇسۇنلىرىنى يەۋېتىپ، تۇساتتىن كىت بىلەن پىلنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. كىت:

— پىل بۇرادەر، سەن بولساڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ مەخلۇق، مەن بولسام سۇدىكى ئەڭ چوڭ بىلىق، ئىككىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى چەكسىز، ئەگەر ئىككىيلەن ئىتتىپاقلىشالايدىغانلا بولساق، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولاتتۇق. بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟— دەپتۇ.

— بولىدۇ. بۇ چارەڭ ناھايىتى ياخشىكەن. ئۇنداقتا ئىككىيلەن ئىتتىپاقلىشايلى! — دەپتۇ پىل.

بۇ ئىككىسىنىڭ قارا نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆل رەڭ بۆجەننىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ ھەمدە: «مەن بارلىق توشقانلارغا ۋاكالىتەن، بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بوي سۇنمايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. كۆل رەڭ بۆجەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر «چوقۇم بۇ ئىككىسىنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇۋېتىش، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن پەم ئىشلىتىش كېرەك» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۆل رەڭ بۆجەن ئاخىر ئامال تېپىپتۇ. ئۇ بارلىق توشقانلارنى تاغ باغرىغا يىغىپ، كۆپچىلىكنى كىت بىلەن پىلىنىڭ سۆھبەت مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىپتۇ ھەمدە:

— كۆپچىلىك، پەقەت بىز ھەمكارلىشالايدىغانلا بول-ساق، چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۋۋېتەلەيمىز، — دەپتۇ.

توشقانلارمۇ: «چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك!» دەپ ۋارقىراپتۇ. كۆل رەڭ بۆجەن بارلىق توشقانلارنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە، كۆپچىلىكنى كەندىردىن ھەم توم، ھەم پىششىق بىر ئارغامچا ئېشىشكە تەشكىللەپتۇ. كۆپچە-لىك بۇ ئارغامچىنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىغان-دا، ئۇ: «ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسىلەر!» دەپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئارغامچىمۇ ئېشىلىپتۇ. كۆل رەڭ بۆجەن ئالدى بىلەن كىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن:

— ھۆرمەتلىك ئاتامانىمىز، يېقىندا مەن بىر ئىنەك باققانىدىم، ئۇ پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، زادىلا تارتىپ چىقى-رالمىدىم. ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى تەڭداشسىز دۇر-شۇڭا، ئۆزلىرىدىن ياردەم سوراپ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ.

— قېنى ئېيت، ساڭا قانداق ياردىمىم كېرەك؟ — دەپتۇ كىت كۆرەڭلىگەن ھالدا.

كۆل رەڭ بۆجەن:

— قولۇمدا بىر ئارغامچا بار. مەن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئىنەكنىڭ بوينىغا سېلىپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئۆز-لىرىنىڭ مۈبارەك قۇيرۇقلىرىغا باغلاپ قوياي، ئۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا بىر كۆچەپ قويسىلىرىلا، ئىنەكنى پاتقاق ئىچىدىن چىقىرىۋالالايتتىم، — دەپتۇ.

— بوپتۇ. ساڭا ياردەم قىلاي!

شۇنىڭ بىلەن كۆل رەڭ بۆجەن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى كىتتىنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپتۇ.

ئارقىدىنلا كۆل رەڭ بۆجەن يەنە پىلنى ئىزدەپ بىرىپ ئۇنىڭغا:

— شانۇشەۋكەتلىك قۇرۇقلۇق خاقانى، ماڭا بىر ياردەم قوللىرىنى سۇنغان بولسىلا، — دەپتۇ.

پىلمۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن:

— ھە، قىنى ئېيتە، نىمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن باققان ئىنەك پاتقاقتا پېتىپ قالغاندى. مەن ئاجىز بولغاچقا، ئۇنى تارتىپ چىقىرالمىدىم. سىلى بولسىلا قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ كۈچلۈك پالۋان. شۇڭا، مىنىڭ ئاشۇ ئىنەكنى چىقىرىۋېلىشىمغا ياردەم قىلغان بولسىلا، — دەپتۇ كۆل رەڭ بۆجەن.

— بۇغۇ كىچىككىنە بىر ئىش ئىكەن. لىكىن، قانداق تارتىپ چىقىرىمىز؟ — دەپتۇ پىل.

— ناھايىتى ئاددىي، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى خارتۇمىلىرىغا چىگىمىز، يەنە بىر ئۇچىنى ئىنەكنىڭ بوينىغا سالىمىز - دە، بىرلا كۈچىسىلە بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، قىنى باغلا!

كۆل رەڭ بۆجەن كىتتىنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىغان ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى پىلنىڭ خارتۇمىغا چىگىپتۇ ۋە:

— پالۋان، مەن بەلگە بەرگەندىن كىيىن، راسا كۈ-

چەپ تارتىسلا، — دەپتۇ.

كۆل رەڭ بۆجەن ھەمراھلىرىنى بىر تاغ باغرىغا چىقىپ، پىل بىلەن كىتىنىڭ «ئارقان تارتىش مۇسابىقىسى» نى كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ.

كۆل رەڭ بۆجەننىڭ بەلگە بېرىشى بىلەن تەڭ، پىل ئارغامچىنى خارتۇمىغا راسا يۆگەپ، كۈچەپ تارتىشقا باشلاپتۇ. كىتمۇ سۇ ئىچىدە تۇرۇپ، ھەدەپ كۈچەشكە باشلاپتۇ. بىراق، ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىنى مىدىرلىتالماپتۇ.

پىل: «شۇنچە كۈچەپ تارتالمىغىنىمغا قارىغاندا، بۇ ئىنەك خېلى چوڭقۇر پېتىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

كىت: «ئەجەبا ئىنەك يەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتمىگەندۇ؟ ھەرقانچە كۈچىسەممۇ تارتالمايۋاتىمەنغۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

كۆل رەڭ بۆجەن توختىماستىن پۇشتەك چېلىپ، «قېنى غەيرەت قىلىڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

پىل بىلەن كىت يەنە بىر قېتىم راسا كۈچىنى يىغىپ، ئىككى يۆنىلىش بويىچە كۈچەپ تارتىۋاتقاندا، تۇساتتىن «پاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ، كىت چوڭقۇر دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، پىلمۇ ئۆزىنى باشقۇرالماي تاغدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ قىزىق ئويۇننى كۆرۈپ تۇرغان توشقانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

شۇ سەۋەبلىك، پىل بىلەن كىت ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق بۇزۇلۇپ، ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلىنىپتۇ. بۇ

ئەھۋالنى كۆرگەن توشقانلار راسا خۇشال بولۇشۇپتۇ. كۆل رەك بۆجەنمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىككىسىنى ئەپچىللىكى بىلەن بابلىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



# ئەقىللىق توقۇمۇچى

بىر كۈنى پادىشاھ ئەمدىلا تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇشى-غا، يات ئەلنىڭ بىر ئەلچىسى كىرىپ كەپتۇ. بۇ ئەلچى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، ئاق بور بىلەن پادىشاھنىڭ تەختى ئەتراپىغا بىر چەمبەر سىزىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئەلچى يەنىلا ئۈندىمەي تۇرۇۋېرىپتۇ.

پادىشاھ سەل جىددىيلىشىپ، دەرھال بارلىق ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، ھېلىقى ئەلچىنىڭ سىزىپ قويغان چەمبىرىنىڭ نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بىراق، بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ.

— بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك! مۇشۇنداق چوڭ بىر ئەلدە ئەجابا بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟ دەرھال دۆلىتىمىزدىكى ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىڭلار، مەن بۇ چەمبەرنىڭ مەنىسىنى تاپالمايدىغانلىقىمىزغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر - ۋۇزرالار ھەر تەرەپكە چېپىپ ئەقىللىق ئادەمنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار بىر ئۆيگە كىرىپ، ئۆي ئىچىدە ئادەم يوقلۇقىنى، ئۆينىڭ تورۇسىغا بىر سېۋەتنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى ھەمدە

سېۋەتنىڭ توختىماستىن تەۋرىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈ-
شۈپتۇ. ۋەزىرلەر ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ. ئۆگزىگە بۇغداي يېيىپ قويۇلغان بولۇپ، قۇشقاچلار بۇغداي ئەتراپ پىدا ئۇچۇپ يۈرسىمۇ، لېكىن بىرەرسىمۇ قونۇشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. چۈنكى، بۇغداينىڭ يېنىغا بىر تال قومۇش سانجىپ قويۇلغان بولۇپ، قومۇش توختىماستىن لىڭشىپ تۇرىدىكەن. ۋەزىرلەر ئاخىر باشقا بىر ئۆيدىن ئۆي ئىگىسىنى تېپىپتۇ.

ئۆي ئىگىسى بىر توقۇمۇچى بولۇپ، ئۇ رەخت توقۇش ماشىنىسىدا رەخت توقۇۋاتقانىكەن.

ۋەزىرلەر توقۇمۇچىدىن:

— سېۋەت بىلەن قومۇش نېمە ئۈچۈن توختىماستىن تەۋرىنىپ تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. توقۇمۇچى:

— بۇ ئاددىيلا بىر ئىش، مەن بۇ يەردە رەخت توقۇمىسام بولمايدۇ. شۇڭا، سېۋەتنى بىر تال ئارغامچا بىلەن چىگىپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى رەخت توقۇش ماشىنىسىنىڭ موكىسىغا چىگىپ قويدۇم. قومۇشنىمۇ بىر تال يىپ بىلەن چىگىپ، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى يەنە رەخت توقۇش ماشىنىسىنىڭ موكىسىغا چىگىپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن رەخت توقۇش ماشىنىسى ھەرىكەتلەنسىلا، سېۋەت بىلەن قومۇشمۇ ئۆزلۈكىدىن تەۋرىنىدىغان بولدى، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ قويغاندىن كېيىن، توقۇمۇچىنى مۇشۇ دۆلەتتىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەن دېيىشىپتۇ.

بىر ۋەزىر:

— سىز بىز بىلەن بىرگە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر بېرىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

ۋەزىرلەر بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن بۇ سىرنى ئېچىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

توقۇمۇچى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باللار ئوينايدىغان ئوشۇق ۋە بىر مېكىياننى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇ ئالدى بىلەن پادىشاھدىن ئامان - ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن، سىزىلغان چەمبەرگە قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە، ئارتۇق گەپمۇ قىلماستىن، ئەلچىنىڭ ئالدىغا ئىككى دانە ئوشۇقنى تاشلاپتۇ.

ئەلچى ئوشۇقنى كۆرۈپ، دەرھال قوينىدىن بىر چاڭگال قوناقنى چىقىرىپ يەرگە چېچىپتۇ.

توقۇمۇچى شۇ ھامان مىكىياننى قويۇپ بەرگەنىكەن، مېكىيان بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قوناقلارنى يەپ تۈگىتىپتۇ. ئەلچى بۇنى كۆرۈپ گەپمۇ قىلماستىن، كېتىپ قاپتۇ.

پادىشاھ توقۇمۇچىدىن: «بۇ زادى نېمە ئىش؟» دەپ سوراپتىكەن، توقۇمۇچى:

— ئەلچىنىڭ تەختلىرىنىڭ ئەتراپىغا چەمبەر سىزىپ قويغىنى، ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، بىزنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى دانە ئوشۇقنى تاشلاپ بېرىشىم «سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار تېخى ئاجىز، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە سىلەر تېخى بىر كىچىك بالا» دېگەن مەنىنى ئىپا-

دىلەيدۇ. ئەلچىنىڭ يەرگە بىر چاڭگال قوناقنى چېچىشى، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ مېكىياننى قويۇپ بېرىپ قوناقلارنى دانلىتىشىم ناۋادا سى-لەر كېلىشكە جۈرئەت قىلساڭلار، ئۇنداقتا هايات قايتىپ كېتىشنى ئويلىماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دە-پتۇ.

پادىشاھ شۇندىلا ھېلىقى ئەلچىنىڭ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ.

پادىشاھ توقۇمۇچىنى كاتتا ئىنئام بىلەن تارتۇقلاپتۇ ھەمدە ئۇنى باش ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىپتۇ. بىراق، توقۇ-مۇچى: «ياق، مېنىڭ يەنە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار» دېگىنىچە، پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىپتۇ.



# تۇلكە بىلەن ئاق قۇ

بىر توپ ئاق قۇ جەنۇبقا بېرىپ تۇخۇم تۇغۇپ، نەسلى-نى ئاۋۇتماقچى بوپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ يېرىم يولغا بارغاندا بىر ئاق قۇ بولالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ يەردىكى ئورمانلىقتا چۈشۈپ، بىر توپ قېرى كاۋچۇك دەرىخىنىڭ يېنىغا ئۇۋا ياساپتۇ.

ئاق قۇ تۇنجى تۇخۇمىنى تۇغۇپ بولۇپ، كەچلىك تاماقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. گۇگۇم ۋاقتى بىلەن قايتىپ كېلىپ قارىسا ھېلىقى تۇخۇم يوق تۇرغۇدەك. ئاق قۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇپ، ئۇۋىسىنى كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ئۇستىگە يۆتكەپتۇ. ئەتىسى يەنە بىر تۇخۇم تۇغۇپ، بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. قايتىپ كېلىپ قارىسا ئۇ تۇخۇممۇ يوق تۇرغۇ-دەك. ئاق قۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، تۇخۇملىرىنى تۇلكە ئوغرىلاپ يېۋالغانلىقىنى پەرەز قىپتۇ. ئاق قۇ تۇلكە يەنە تۇخۇملىرىمنى ئوغرىلاپ يېۋالمىسۇن دەپ، كەنتتىكى تۆمۈرچى ئۇستامنى ئىزدەپ تېپىپ، بىر تۆمۈر قەپەس ياسىتىۋاپتۇ - دە، خېلى خاتىرجەم بوپتۇ.

تۇلكە يەنە تۇخۇم ئوغرىلىغىلى كېلىپ قارىسا، ناھا-يىتى مۇستەھكەم بىر تۆمۈر قەپەس تۇرغۇدەك. شۇنىڭ

بىلەن تۆلكە مەيۇسلىنىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاق قۇ تۆمۈر قەپەستە تۇخۇم تۇغۇۋېرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئاق قۇ چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى تۆلكە يەنە كېلىپ قەپەسنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئاق قۇنى بازار ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئاق قۇ ماقۇل بوپتۇ. تۆلكە قايتىپ كېتىۋېتىپ: «ئەمدى ئاق قۇ چۈجىلىرىنى يەپ راسا مەززە قىلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاق قۇ بازارغا يول ئاپتۇ. تۆلكە تۆمۈر قەپەسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاق قۇ چۈجىلىرىگە ئىشىكنى ئېچىشنى ئېيتىپتۇ. بىراق، ئاق قۇ چۈجىلىرى: «ئانىمىز ھېچقانداق كىشىگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەڭلار» دېگەن دەپ ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىماپتۇ. تۆلكە ئامالسىز بازارغا بېرىپ ئاق قۇنى ئىزدەشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئاق قۇ بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ ئالدى تەرەپتىن تۆلكىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ ھەمدە بايىلا سېتىۋالغان قاچىنى بېشىغا كىيىۋاپتۇ. ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان تۆلكە بۇ ھالەتنى كۆرۈپ «ئەرۋاھقا يولۇقۇپتىمەن» دەپ ئويلاپ، دەرھال يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىپتۇ ھەمدە يېنىدىن بىر تەڭگە چىقىرىپ، سەدىقە قىپتۇ - دە، ئاق قۇنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. تۆلكە كەتكەندىن كېيىن ئاق قۇ بېشىدىن قاچىنى ئېلىۋېتىپ، تەڭگىنى ئېلىپ ساق سالامەت ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

تۆلكە بازارغا بېرىپ، ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ

ئاق قۇنى زادىلا تاپالمىغاندىن كېيىن، ئالدانغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. تۈلكە يەنە ئاق قۇنى ئىزدەپ كەپتۇ:

— ئاق قۇ خانىم، ئەتە بازار بولىدۇ، بىرگە بازار ئايلىنىپ كەلسەك قانداق؟

— ماقۇل، ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە كېلىڭ، بىرگە ماڭايلى.

ئاق قۇ قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈلكە خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئاق قۇ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىلىرىغا تاماق بېرىپ، ئۇلارغا ھېچانداق كىشىگە ئىشىك ئېچىپ بەرمەسلىكنى تاپىلاپ ئۆيدىن بالدۇرلا چىقىپ كېتىپتۇ. تۈلكمۇ پۈتۈشكىنىدىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئاق قۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئىشىكنى چېكىپ ئاچقۇزالمىغاندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ بازارغا يول ئاپتۇ. ئاق قۇ بىر دۆۋە تاۋۇزنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تۈلكىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۈلكىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ - دە، دەرھال بىر تاۋۇزنى چوقۇلاپ تۆشۈك ئېچىپ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

تۈلكە بازارنى بىر كۈن ئىزدەپ ئاق قۇنى تاپالماي، گۇگۇم بولاي دېگەندە كەيپى ئۇچقان پېتى ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۈلكە يەنە كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ:

— ئاق قۇ خانىم، مەن پىشلاۋۇ قىزا، توخۇ گۆشى دىگەندەك نەرسىلەرنى ئىلىپ كەلدىم، لىكوچۇپ بولۇپ ھې-رىپ كەتتىم، تىزرەك ئىشىكنى ئاچسىڭىز. مۇز يارىلىپ يىگەن بولساق.

— ماۋۇ كىلىشمەسلىكنى قاراڭ، تاماق شىرەسى ئىش-شىكنى توسۇۋاپتۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاچالمايۋاتىمەن. مۇنداق قىلايلى، مەن دىرىزىدىن سىزگە بىر سىۋەتنى ساڭگىلىتىپ بىرەي. سىز ئاۋۋال يىمەكلىكلەرنى سىۋەتكە سىلىڭ، مەن تارتىۋالاي، ئاندىن ئارغامچىنى ساڭگىلى-تاي، سىز ئارغامچىغا ئىسىلىڭ، مەن تارتىۋالاي، — دەپتۇ ئاق قۇ.

تۈلكە ئاق قۇنىڭ دىگىنى بويىچە يىمەكلىكلەرنى چى-قارتىپ بىرىپتۇ. ئاق قۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۈلكى-گە ساڭگىلىتىپ بىرىپ:

— تۈلكە ئەپەندى، سىز ئالدى بىلەن مۇنۇ ئارغامچى-نىڭ ئۇچىدىكى ئىلمەككە بېشىڭىزنى كىرگۈزۈڭ، مەن يىنىككىنە تارتسام ئۆۋامغا چىقالايسىز، — دەپتۇ.

تۈلكە ئاق قۇ گۆشىنى يىيىش ھەلەكچىلىكىدە ھىچنى-مىنى ئويلىماي، بېشىنى ئارغامچىنىڭ ئۇچىدىكى ئىلمەك-كە تىقىپتۇ، لىكىن ئۇ ئارغامچىنى تارتقانسىرى ئىلمەك-نىڭ چىڭىيىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاق قۇ ئارغامچىنى تارتىۋىرىپتۇ. تۈلكە نەپەسمۇ ئالالماي، تىلىنى چىقىرىپ، ئىككى كۆزى چانىقىدىن چى-قىپ كەتكۈدەك ھالەتتە ئۆلۈپتۇ. ئاق قۇ تۈلكىنى خىلى ئۇزاقىچە ساڭگىلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ تۈلكىنىڭ ئۆلمەي

قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى قويۇۋەتكەنىكەن، ئۆلگەن تۈلكە قاتتىق يەرگە چاپلىشىپلا قاپتۇ.

ئاق قۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىسا تۈلكە راستتىنلا ئۆلۈپ يەردە ياتقۇدەك. ئۇ شۇندىلا يېنىك نەپەس ئېلىپ:

— بالىلىرىم، تېز چىقىڭلار، بۈگۈندىن باشلاپ سۇدا ئەركىن ئۈزۈپ ئوينىيالايدىغان بولدۇڭلار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاق قۇ چۈجىلىرى قاناتلىرىنى قېقىشىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، خۇشال - خۇرام ئويناشقا باشلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# دوراش ماھارىتى

لىس ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا بولۇپ، تولىمۇ كەپ-سىز ئىكەن، ئەمما ئۇ يەنە ھەرخىل قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى شۇنداق ئوخشىتىپ دورىيالايدىكەنكى، بەزىدە، ھەتتا ئاشۇ جان - جانىۋارلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ پەرق ئېتەلمەي-دىكەن. لىس ھەمىشە مۇشۇ ھۈنىرىگە تايىنىپ، قىزىقچى-لىق قىلىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئوينايدىكەن. بەزىدە، خورازنى دوراپ چىللاپ مېكىيانلارنى يۇگۇرتۇۋېتىدىكەن. يەنە بەزىدە بولسا، ئورمانلىقتا بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىنى دوراپ، موگو تېرىۋاتقان كىشىلەرنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئورمانلىقتا بۆرىنى دوراپ ھۇۋ-لاپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىر كۆل رەڭ بۆرىمۇ ھۇۋلاپ، خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ يېتىپ كەپتۇ ھەمدە لىسنى كۆرۈپتۇ!

— مېنى چاقىرغان سەنمۇ؟

— ياق… ياق! مەن پەقەت سىنىڭ ئاۋازىڭنى دوراش-نى ئۆگىنىۋاتاتتىم. چاقچاق قىلىپ، شۇنداقلا بىر…

كۆل رەڭ بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرۇپ:

— ئىش قىلىپ، ھازىر قورسىقىم ئاچ، سېنى يەيمەن! — دەپتۇ.

— ياق! ياق! سەن مېنى يېمىگىن، مەن بەك ئو-
رۇق، تۇزۇكرەك گۆشۈممۇ يوق. مەن ساڭا ھەم يوغان،
ھەم سېمىز بىر قوينى چاقىرىپ بېرەي، شۇنى يېگىن.
— بۇمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا دەرھال چاقىر، مېنىڭ
قورسىقىم ئېچىپ، بولالماي قالدىم.
لىس دەرھال «مە... مە... مە...» دېگىنىچە، قوينى
دوراپ مەرەشكە باشلاپتۇ.
بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، دېگەندەك بىر قوي يېتىپ
كەپتۇ. ئەمما، بۇ قوي ھەم ئورۇق، ھەم كىچىك ئىكەن.
لىس شۇنداق قارىسا، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى قوي، ئۇ دەرھال
بۆرىگە:
— بۆرە ئەپەندىم، بۇ قوينى يېگىلى بولمايدۇ. راست
گەپنى قىلسام، ئۇ بوۋامنىڭ يۈرەك پارىسى، مەن باشقا
بىر قوينى چاقىرىپ بېرەي، — دەپتۇ.
بۆرە ئۇنىڭغا تازا بىر ئالىيجانابلىق بىلەن كۆتۈپ كېيىن:
— بولىدۇ، يەنە بىر ئاز ساقلاي، — دەپتۇ. لىس يەنە
قوينىڭ مەرىشىنى دوراپتۇ، دېگەندەك يەنە بىر قوي كەپ-
تۇ. ئەمما، بۇ قوي ئۇنىڭ قوشنىسى بولغان مومايىنىڭ
قويى بولۇپ، لىس مومايىنىڭ بۇ قوينى مىڭ بىر جاپا-
مۇشەققەتتە باققانلىقىنى ئويلاپ، بۆرىگە يېلىنىپ:
— بۆرە ئەپەندىم. خاپا بولماي، يەنە بىر ئاز كۈتۈپ
تۇرغىن، مەن ساڭا سېمىز چوشقىدىن بىرنى چاقىرىپ
بېرەي، — دەپتۇ. بۆرە لىسنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا:
— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، مەن ئەمدى ساقلىيالماي-
مەن، مېنىڭ قورسىقىم ناھايىتى ئېچىپ كەتتى، —

دەپتۇ - دە، قوشنىسىنىڭ قويىغا ئېت[illegible]، ھاپىلا - شاپىلا يەپ بولۇپ، يەنە لىسىنىڭ قويىغا ئېتىلىپ[illegible] قويىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، زادىلا بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. [illegible] لىسىنىڭ قويىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

بۆرە لىسىنىڭ قويىنى بىر دەرەخ ئاستىغا سۆرەپ ئاپىرىپ، بىردەمدىلا يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، لىسىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بوپتۇ. كۇل رەڭ بۆرە:

— مەن بەك چارچاپ كەتتىم، ھازىر ئۇخلايمەن، سەن ياۋاشلىق بىلەن مېنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر. ناۋادا قېچىپ كېتىدىغان بولساڭ، مەن تۇزۇت قىلىپ ئۇلتۇرمايمەن، — دەپ قويۇپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. لىس كۆڭلىدە: «ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن، يەنە مېنى قوي چاقىرىشقا بۇيرۇيدۇ. مۇشۇنداق بولۇۋېرىپ قويلار تۈگەپ كەتسە، ئاخىردا مېنىمۇ ساق قويماسلىقى مۇمكىن، چوقۇم بىر ئامال تېپىشىم كېرەك!» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

لىس ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئىتنى دورىماقچى بوپتۇ. ئۇ ئىتنى دوراپ قاۋاۋېرىپتۇ، تەلىيىگە بۆرىمۇ ئويغانماي ئۇخلاۋېرىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن، كەنتتىكى بىر توپ ئىت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، لىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن كۇل رەڭ بۆرىگە ئېتىلىپتۇ.

بۆرە ئويغىنىپ، ئىت توپىنى كۆرۈپ، ئۆلە تىرىلە شىگە قارىماي، ئورمانلىققا قېچىپتۇ. ئىتلار ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ، ھەر تەرەپتىن قورشاپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بۆرىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

# ئەقىللىق قىزچاق

كەنتتە ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزچاق بولۇپ، يە-
راق - يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئەقىللىق» دەپ
تەرىپلىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى مارى ئىكەن. بىر كۈنى،
مارى بەش دوستى بىلەن ئورمانلىقتا موگو تەرگىلى كېتىپ
بېرىپ، توساتتىن ئالدى تەرەپتىن بىر تىۋىش ئاۋازىنى
ئاڭلاپ قاپتۇ، زەن قويۇپ قارىسا، ئەسلىدە يول بويىدا
تولىمۇ بەتبەشىرە بىر يالماۋۇز ياتقانىكەن. مارى دەرھال
دوستلىرىغا شۇنداقلا بىر كۆز ئىشارىسى قىلغانىكەن، كۆپ-
چىلىك دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يالماۋۇز:

— بۇياققا كېلىڭلار! قورسىقىڭلار ئېچىپ كەتكەندۇ،
مەندە مەززىلىك قاتلىما بار. تېز كېلىپ يېۋېلىڭلار! —
دەپتۇ.

مارى بۇ قاتلىمىلارغا زەھەرلىك دورا ئارىلاشتۇرۇل-
غانلىقىنى، ھەرگىز يېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بى-
لىدىكەن. ئەمما، ئۇلار يالماۋۇزنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا
قاراپ، ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلال-
ماپتۇ. مارى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— موما، بۇ قاتلىمىڭىز بەك قاتتىق ئىكەن. بىزنىڭ

چىشىمىز ئۆتمىگۈدەك، يەنىلا دەريا بويىغا بېرىپ، سۇغا
چىلاپ يەيلى، — دەپتۇ.
— بولمايدۇ، ئەجەبا سىلەرنىڭ قاچماقچى بولغانلى-
قىڭلارنى بىلمەسمەنمۇ؟
— ئەگەر بىزگە ئىشەنمىسىڭىز، ئۇنداقتا دەريادىن
سۇنى ئۆزىڭىز ئەكىلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ مارى.
— بولمايدۇ، مەن كەتكەندىن كېيىن، سىلەر ئوخ-
شاشلا قېچىپ كېتىسىلەر، — دەپتۇ يالماۋۇز. مارى يەنە
سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— مۇنداق قىلايلى: سىز ھەر بىرىمىزنى بىردىن
ئارغامچا بىلەن چىگىۋېلىڭ. بۇنداق بولغاندا، بىز قېچىپ
كېتەلمەيمىز، — دەپتۇ. يالماۋۇزنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچى-
لىپ كېتىپتۇ:
— مانا بۇ ئامالىڭ بولىدىكەن!
شۇنداق قىلىپ، يالماۋۇز ئالتە تال كەندىر ئارغامچا
بىلەن ئالتە قىزچاقنىڭ بېلىدىن چىگىۋاپتۇ-دە، ئارغام-
چىلارنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ دەريا
بويىغا بېرىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىپتۇ.
ئالتە قىزچاق يالماۋۇزدىن ئايرىلىپ، دەريا تەرەپكە
قاراپ مېڭىپ، بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە
يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.
يالماۋۇز بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئارغامچى-
لارنى تارتىپ بېقىپ، ئارغامچىنىڭ بىر تەرىپى ئېغىر
تۇيۇلغاندىن كېيىن، خاتىرجەم بولۇپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.
بىراق، خېلى بىر ھازادىن كېيىنمۇ قىزلارنىڭ قايتىپ



www.uyghurkitap.com

كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارغامچىنى بويلاپ مېڭىپتۇ، ئاخىر ئالتە تال ئارغامچىنىڭ بىر قېيىن دەرىخىگە باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغان هالدا: «هەرقايسىڭ-نى تۇتۇۋالىدىغان بولسام، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

قىزلارنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلمىقىمۇ ئا-سانغا چۈشمەپتۇ. كۇتۇلمىگەندە، بىر چوڭ دەريا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويۇپتۇ. دەريا سۈيى ناهايىتى چوڭقۇر بولۇپ، قىزلار هەرقانچە قىلسىمۇ ئۆتەلمەيدىكەن. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، سۇ يۈزىگە بىر تىمساھ چىقىپتۇ. مارى دەرهال:

— تىمساھ ئاكا، بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز، يالماۋۇز ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— سىلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسام ماڭا نېمە بېرىسىلەر، — دەپتۇ تىمساھ.

— مۇنداق قىلايلى، سىز مېنىڭ بەش دوستۇمنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن مېنى يېۋې-تىڭ! — دەپتۇ مارى.

تىمساھ مارىنىڭ هەم يۇمران، هەم چىرايلىق ئىكەن-لىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ.

بەش قىزنى بىر - بىرلەپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخى-رىدا ئالتىنچى قىزچاقنى يەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، تىمساھ-نىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، خۇشالىقىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپتۇ.

تىمساھ ئالتىنچى قېتىم دەريا قىرغىقىغا كەلگەندە، يالماۋۇز قوغلاپ كېپقاپتۇ. ھەمدە ئالدىراشلىق بىلەن: «مېنى ئۆتكۈزۈپ قويغىن!» دەپتۇ، تىمساھ خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى يۈدۈپ مېڭىپتۇ.

ئۇ ناھايىتى تېز لا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بېرىپ، سۇغا بىر چۆكۈپلا، يالماۋۇزنى يېۋېتىپتۇ.

ئۇنداقتا، چىرايلىق ۋە ئەقىللىق مارى قىزچاق قېنى؟ ئەسلىدە، تىمساھ بەشىنچى قىزچاقنى دەريادىن ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ تىمساھقا تۇيدۇرماستىن، ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپلا دەريادىن ئۆتۈۋالغانىكەن.





www.uyghurkitap.com

# كىرپە بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈ-
# رۈش مۇسابىقىسى

بىر كۈنى توشقان كىرپىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ھەمدە:

— كىرپە بۇرادەر، سېنىڭ مۇشۇ ئىككى پۇتۇڭ قولاشمىغاندەك، كۆزۈمگە تولىمۇ سەت كۆرۈنىدۇ، — دەپتۇ. كىرپە قايىل بولماي:

— قۇرۇق گەپ، تولا جۆيلىمە! مېنىڭ پۇتۇم گەرچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ يۈگۈرىدىغان بولسام، سېنىڭ ئاشۇ چىرايلىق پۇتلىرىڭ بىلەن ماڭا يېتەلمەيسەن! — دەپتۇ.

توشقان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— سەن بەكمۇ ھاماقەت ئىكەنسەن! مېنىڭ يۈگۈرۈش چېمپىيونى ئىكەنلىكىمنى كىم بىلمەيدۇ؟ — دەپتۇ.

— يۈگۈرۈش چېمپىيونىنىڭمۇ مېنى يېڭەلىشى ناتايىن، — دەپتۇ كىرپە.

— ئۇنداقتا بىز بەسلىشىپ باقايلى!

— چاتاق يوق! ۋاقتى ئەتە چۈشتە بولسۇن.

توشقان كىرپىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

كىرپە ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئايالىغا توشقان بىلەن بەسلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن، ئايالى دەرھال ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ:

— سىز بەك ئەخمەقلىق قىپسىز، توشقان نامى چىق-
قان يۈگۈرۈش چىمپىيونى تۇرسا، سىز ئۇنى يېڭەلەمتى-
ڭىز؟ ھەي، ھەقىقەتەن ئۆزىڭىزنى چاغلىيالماي قاپسىز، —
دەپ كايىپ كېتىپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئەتە ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈ-
گۈرۈش مۇسابىقىسىدە قانداق قىلىش توغرىسىدا راسا بېشى
قېتىپتۇ. توساتتىن ئەركەك كىرپە:

— خوتۇن، ئىككىيلەننىڭ تەقى - تۇرقى ئوخشامدۇ.
ئوخشىمامدۇ؟ — دەپتىكەن، ئايالى:

— ئوخشايدۇ، مەيلى چوڭ - كىچىكلىكىمىز ياكى
ئورۇق - سېمىزلىكىمىز ۋەياكى ئېگىز - پاكارلىقىمىز
بولسۇن، پۈتۈنلەي بىر - بىرىمىزگە ئوخشايمىز، —
دەپتۇ. ئەركەك كىرپە تۇرۇپ كېتىپ:

— توشقان تازا ھاماقەت ئەبلەخ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىك-
كىمىزنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— سىز مۇسابىقىگە ئىككىمىز بىرلىكتە قاتنىشايلى
دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايالى.

— مەن بىر ئوبدان چارە ئويلاپ تاپتىم. ئەتە، مۇسا-
بىقە ئېلىپ بارىدىغان ئورۇنغا يېقىندىلا تېرىغان ھېلىقى
بىر پارچە يېرىمىزنى تاللايلى، سەن شەرق تەرەپتە تۇر،
مەن غەرب تەرەپتە تۇراي، شۇنداق قىلساق...

ئايالى كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتە، توشقان كىرپىنى ئىزدەپ
كەپتۇ، ئۇلار بىرلىكتە يولغا چىقىپتۇ.

كىرپە توشقاننى تېخى يېقىندىلا ئاغدۇرغان ھېلىقى

بىر پارچە يېرىگە باشلاپ كېلىپ، ئېتىزنىڭ شەرق تەرىپى-
نى يوگورۇش سىزىقى، غەرب تەرىپىنى ئاخىرقى نوقتا
قىلىپ بەلگىلەپتۇ.
كىرپە «يوگورۇدۇق!» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ،
توشقان بارلىق كۈچىنى يىغىپ، ئېتىزنىڭ يەنە بىر بېشىغا
قاراپ يوگورۇپتۇ. بىراق، ئۇ ئاخىرقى نوقتىغا يېتىپ
بارغاندا، كىرپىنىڭ ئالللىقاچان ئۇ يەرگە بېرىپ بولغانلى-
قىنى كۆرۈپتۇ. كىرپە:
— مەن ئالللىقاچان ئاخىرقى نوقتىغا كېلىپ بولدۇم،
سەن يېڭىلدىڭ! — دەپتۇ. توشقان ناھايىتى ئەجەبلىنىپ:
«مەن شۇنچە كۈچەپ يوگورگەن تۇرسام، يەنە قانداقسىگە
ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويىمەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە قايىل بول-
ماي:
— بىز يەنە بىر قېتىم بەسلىشىپ باقايلى، بۇ قېتىم
ئېتىزنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا يوگورەيلى! —
دەپتۇ.
— چاتاق يوق. ئىش قىلىپ، ئۇتتۇرغۇنۇڭ ئۇتتۇر-
غان! — دەپتۇ كىرپە.
بۇ قېتىم، توشقان كوماندا بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇ يوگو-
رۇش سىزىقىغا كېلىپ: «يوگورۇدۇق!» دەپ ۋارقىرىغىنىد-
چە تېخىمۇ كۈچەپ يوگورۇشكە باشلاپتۇ. بىراق، ئاخىرقى
نوقتىغا يېتىپ بېرىپ، كىرپىنىڭ يەنە شۇ يەردە ھاسىرغى-
نىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇ ھېچنېمە
دېيەلمەپتۇ.
— توشقان بۇرادەر، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمدا

«يۈگۈرۈش چېمپىيونى» دېگەن ئاتىقىنى قىلىپ، پو ئېتىپ يۈرمە! — دەپتۇ كىرپە. توشقان بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئۈندىمەپتۇ.

— ئۈنىڭدىن باشقا، ئۆزۈمنىڭ پۇتى تۈز، تولۇق كېلىشكەن دەپ، باشقىلارنىڭ پۇتىنى مەسخىرە قىلىپ يۈرمە... — دەپتۇ كىرپە يەنە. توشقان يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ، ماقۇل بوپتۇ.



# تۈلكىدىنمۇ ئەقىللىق قاغا

بىر قاغا مېۋىلىك باغنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپ دەرەخ-
نىڭ ئۈستىگە ئۇۋا ياساپ، ئارقا - ئارقىدىن 21 تۇخۇم
تۇغۇپتۇ. 21 كۈندىن كېيىن 21 چۈجە چىقىرىپتۇ.

دەرەخ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۈلكىنىڭ قاغا
چۈجىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورسىقى كوركىراشقا
باشلاپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىپ كەتكەن
بولۇپ، قاغا چۈجىلىرىنىڭ يۇمشاق گۆشلىرىنى كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرۈپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ.

تۈلكە ئاخىر بىر ئامال ئويلاپ تېپىپتۇ: ئۇ باغقا
قارايدىغان كىشىنىڭ ھەرىسىنى قولىغا ئېلىپ، بېشىغا
ئەسكى مالىخاي كىيىپ، قاغا ئۇۋا سالغان دەرەخنىڭ ئاس-
تىغا كەپتۇ ھەمدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇۋىدىكى ئانا قاغى-
غا:

— سەن نېمىدەپ ئۇۋاڭنى مېنىڭ دەرىخىمنىڭ ئۈس-
تىگە سېلىۋالدىڭ؟ مەن بۇ باغنىڭ ئىگىسى. بۈگۈن مەن
بۇ دەرەخنى كېسىۋېتىمەن. سەن دەرھال بۇ يەردىن
كەت! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

قاغا ئالاقزادە بولۇپ:

— ئۇۋامدا باللىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن چاتىقىم يوق! ئېنىقلىپ، مەن بۇ دە-
رەخنى كېسىۋېتىمەن، — دەپتۇ تۈلكە ھەرىنى دەرەخ كۆ-
تىكىگە تەڭلەپ تۇرۇپ.

قاغا ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— خاپا بولماي يەنە ئىككى كۈن كۈتۈپ تۇرغان بول-
ساڭ، بالىلىرىم ئۇچۇرما بولغاندا، مەن ئۇلارنى ئېلىپ
بۇ يەردىن كېتەتتىم. شۇ چاغدا ھەرىدىۋالساڭمۇ كېچىكمەي-
سەن.

— ياق، بىر مىنۇتمۇ كۈتۈپ تۇرالمايمەن، — دەپتۇ
تۈلكە دەرەخنى ھازىرلا ھەرىدىۋېتىدىغاندەك قىياپەتتە.

ئىككىيلەن بىر ھازا تالاش - تارتىش قىلغاندىن كې-
يىن، ئاخىر بىر كېلىشىم تۈزۈپتۇ، يەنى قاغا ئۇنىڭغا بىر
چۈجىسىنى سوۋغا قىلىدىغان، ئۇ دەرەخ كېسىش ۋاقتىنى
بىرنەچچە كۈن ئارقىغا سۈرىدىغان بوپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، بۇ قاغىغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان
يەنە بىر قاغا ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئۇ باغقا
قارايدىغان كىشىنىڭ دەرەخ كەسمەكچى بولغانلىقىنى قوش-
نىسىغا ئېيتىپتۇ. قوشنىسى:

— باغقا قارايدىغان كىشىنىڭ بۇ دەرەخلەرنى كېسىۋې-
تىشكە ھەرگىز كۆزى قىيمايدۇ. دەرەخ كېسىمەن دەپ
پوپوزا قىلغىنى چوقۇم بىر ئالدامچى! — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ زادى كىمدۇ؟

— ئۇ يەنە دەرەخ كېسىشكە كەلگەندە، ماڭا خەۋەر
قىلىپ قوي. مەن ئۇنى بىر كۆرۈپ باقاي!

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، تۈلكە يەنە بېشىغا ئەسكى

مالىخىينى كىيگىنىچە، ھەرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، يەنە
«دەرەخ كېسىمەن» دەپ جار سالغىلى تۇرۇپتۇ. قاغا دەر-
ھال قوشنىسىغا خەۋەر قىپتۇ. قوشنا قاغا دەرەخ يوپۇرماق-
لىرى ئارىسىدىن قاراپ، دەرەخ ئاستىدا بىر تۈلكە تۇرغان-
لىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە:
— قورقما، ئۇ باغقا قارايدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى
بىر تۈلكە ئىكەن. بىر تۈلكە قانداقمۇ شۇنچە يوغان دەرەخ-
نى كېسەلىسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنى تازا
گاللىشىپ كەتكەن بىر ھەرە ئىكەن —دەپتۇ.
ئانا قاغا خاتىرجەم بولۇپ، تۈلكىگە:
— سەن ھەرگىزمۇ باغقا قارايدىغان كىشى ئەمەس،
بەلكى بىر تۈلكە. ئەگەردە بۇ چوڭ دەرەخنى ھەرىدىيەلە-
سەڭ، ھەرىدەۋەر،— دەپتۇ.
تۈلكە قاغىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلى-
قىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا بىرسىنىڭ گەپ ئۆگەتكەن-
لىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ - دە:
— مەن قانداقسىگە باغقا قارايدىغان كىشى بولماي،
بۇ گەپنى ساڭا كىم دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانا قاغا
ئويلانمايلا:
— قوشنا ئۇۋىدىكى قاغا شۇنداق دېدى، — دەپتۇ.
تۈلكىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ
ئالماقچى بوپتۇ. تۈلكە كۆلچەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ، پۈتۈن
بەدىنىگە لاي سۈركەپ، ھېلىقى قاغىنىڭ قوشنىسى تۇرۇ-
ۋاتقان دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپ-
تۇ. ھېلىقى قاغا سىرتتىن ئۇچۇپ كېلىپ، يەردە بىر

www.uyghurkitap.com

ئۈلۈك تۈلكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزىنى چوقۇلاپ يېمەكچى بوپتۇ - دە، ئاستا ئۇنىڭ ئۇۋىسىگە قونۇپ، چوقۇلاپ بېقىپتۇ. ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغان-دىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشى تەرەپكە كەپتۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا، تۈلكە ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنى «كاپ-پىدە» تۇتۇۋاپتۇ. قاغا تۈلكىنىڭ چاڭگىلىدىن قانداق قۇ-تۇلۇش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئۇنىڭغا:

— سەن مېنى يېسەڭ بولىدۇ. بىراق، ساڭا بىر گەپنى دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتىمۇ ئەقىللىق، مانا مۇشۇ ئەقىلنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۇلارغا ئۆگەتكەن، ئەمە-دى ساڭىمۇ ئۆگىتىپ قوياي، شۇندىلا سەن ئۇلاردىنمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىسەن - دە، بىر كۈننىڭ ئىچىدە ھېچقانچە قىينالمايلا 5 — 6 قۇشنى تۇتۇپ يېيەلەيسەن، شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنلۈك 3 ۋاخ تاماقنىڭ ئېسىل نازۇنې-مەت بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

تۈلكە بۇمۇ بولىدىغان چارە ئىكەن دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— بولىدۇ، قېنى، ئۆگىتىشنى باشلا! — دەپتۇ.

تۈلكە شۇ گەپنى قىلىشىغا، قاغا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بوشىنىپ، پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، بارلىق قۇشلار يىغىلىپ، تۈلكىگە ھۇجۇم قىپتۇ ۋە ئاخىر ئۇنى چوقۇلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

# ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

بىر كۈنى ياۋا توشقان بىلەن تۈلكە يېمەكلىك ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. بۇ دەل قىش ۋاقتى بولغاچقا يېگۈدەك ئوت - چۆپ ياكى قۇرت - قوڭغۇزمۇ تاپالماپتۇ.

— ئەجەب ئاچارچىلىق كۈن بولدىغۇ، قورسىقىم ئېچىپ كوركىراپ كەتتى، — دەپتۇ تۈلكە ياۋا توشقانغا.

— شۇ ئەمەسمۇ، مېنىڭمۇ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. ناۋادا ئاغزىم قۇلىقىمغا يەتكەن بولسا، قۇلىقىمنى يەۋەتكەن بولاتتىم، — دەپتۇ ياۋا توشقان تۈلكىگە.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يېگۈدەك بىرنەرسە تاپالماي ئاچ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار سېۋەت كۆتۈرۈۋالغان بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. سېۋەتتىن يېڭى پىشۇرۇلغان قاتلىمىنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتقۇدەك. مەززىلىك پۇراق ياۋا توشقان بىلەن تۈلكىنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تېخىمۇ ئاچۇرۇۋېتىپتۇ. تۈلكە ياۋا توشقانغا:

— قارا، سەن يەردە ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالسەن، ئۇ قىز سېنى كۆرۈپ، قولىدىكى سېۋەتنى قويۇپ، سېنى قولىغا ئېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، سېنىڭ تۈكلىرىڭ بى-

لەن تېرەڭدىن پەلەي ياسىغلى بولىدۇ. ئۇ قىز سىنى ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا مەن سېۋەتنى ئوغرىلاپ قاچىمەن. شۇن-داق قىلساق، يەيدىغان نەرسىگە ئېرىشىمىز دە، بۇلى-مىزغا راۋان بولىمىز، — دەپتۇ.

ياۋا توشقان تۈلكىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆلگەن بولۇۋې-يېتىۋاپتۇ. تۈلكىمۇ قار دۆۋىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇ-رۇپتۇ. ھېلىقى قىزچاق بۇ يەرگە كېلىپ، يەردە مىدىر-سىدىر قىلماي ياتقان توشقاننى كۆرۈپ، سېۋەتنى قويۇپ، توشقاننى ئالاي دەپ تۇرۇشىغا تۈلكە يۈگۈرۈپ چىقىپ، سېۋەتنى ئېلىپ ئېتىزلىق تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. ھايال ئۆتمەي توشقانمۇ «تىرىلىپ» دوستىنىڭ كەينىدىن ئەگە-شىپ قېچىپتۇ. بىراق، قارىسا تۈلكە توختايدىغاندەك ئە-مەس، قاتلىمىنى تەڭ بۆلۈشۈپ يەيدىغان ئەلپازمۇ يوق تۇرغۇدەك. ئۆزىگە قاتلىمىنىڭ تەگمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ياۋا توشقاننىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇلار مېڭىۋېرىپ بىر كۆلنىڭ بويىغا كەپتۇ. ياۋا توشقان:

— ئاداش بىز ئازراق بېلىق تۇتۇپ، قاتلىما بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسەك قانداق، — دەپتىكەن، تۈلكە:

— بولىدۇ، بېلىق بىلەن قاتلىمىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشتىن ئارتۇق لەززەت بولمىسا كېرەك! — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سەن قۇيرۇقۇڭنى سۇغا چىلاپ ئولتۇر. ھازىر بېلىقلارنىڭ قورسىقى ئاچ، ئۇلار سېنىڭ قۇيرۇ-قۇڭنى چىشلەيدۇ، ئاندىن سەن قۇيرۇقۇڭنى تارتساڭلا بې-لىقلارنى تۇتالايمىز... بىراق، تېزرەك تۇتۇش قىلمىساق بولمايدۇ، چوقۇم كۆلگە مۇز تۇتۇشتىن بۇرۇن بېلىقلارنى

تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ ياۋا توشقان.

تۈلكە ياۋا توشقاننىڭ دېگىنى بويىچە قۇيرۇقىنى سوغا چىلاپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆلنىڭ سۈيى ئەمدىلا مۇز تۇتۇشقا باشلىغان بولغاچقا، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىغا بىر دەمدىلا مۇز تۇتۇپ قېتىپ كېتىپتۇ.

ياۋا توشقان شۇندىلا سېۋەتنى كۆتۈرۈپ تۈلكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، قاتلىمىلارنى بىر - بىرلەپ يېيىشكە باشلاپتۇ ۋە پاك - پاكىز يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن يولىغا راۋان بوپتۇ ھەمدە قايرىلىپ تۇرۇپ:

— تۈلكىۋاي، مۇز ئېرىگۈچە قۇيرۇقۇڭنى چىلاپ ئولتۇرۇۋەر، باھار كەلگەندە كەينىمدىن بارارسەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھىيلىگەر تۈلكە سولاقتا چۈشۈپ قالغان ئىتتەك غىڭ-شىپ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# چىچەن بۇغا

بىر بۇغا كۆل بويىدا سۇ ئىچىۋېتىپ، تۇيۇقسىز سۇدا يولۋاسنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

بۇغا دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ يولۋاسقا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىچە خىرىس قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يولۋاس بۇغىغا قاراپ:

— ھەي، جانىۋار، قانداق بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ سۇ ئىچىشكە پېتىنالىدىڭ؟ بىلەمسەن، بۇ مېنىڭ زېمىنىم! — دەپ ھۆركىرەپتۇ.

ئۇ ئىلگىرى ئانىسىدىن يولۋاسنىڭ ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىي ھايۋان ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. بىراق، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىكەن، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تېپىش كېرەك - دە!

شۇنىڭ بىلەن بۇغا مۇلايىملىق بىلەن:

— ھۆرمەتلىك يولۋاس ئەپەندى، ياخشىمۇ سىز؟ — دەپتۇ.

يولۋاس چىرايىنىمۇ ئاچماستىن، قوپاللىق بىلەن:

— ھوي! ئېزىلەڭگۈ، يېقىنچىلىق قىلمىغىن دەپ ئاۋارە بولما. مېنىڭ قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتى-

شىپ كەتتى. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا سىنى يەيمەن! — دەپتۇ.
بۇغا دەرھال ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىپ:
— يولۋاس ئەپەندى، مەن قورسىقىڭىزنىڭ ئىچىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. بىراق، مەندەك ئورۇق جانىۋاردىن قانچىلىك گۆش چىقىدۇ دەيسىز. مەن سىزنى ئادەمنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي، ئادەم گۆشى تولىمۇ تەملىك، ھەقىقەتەن مەززىلىك تائام بولالايدۇ! — دەپتۇ.
— سەن تېخى ئادەملەر بىلەنمۇ تونۇشامسەن؟
— ئوبدان تونۇشىمەن، ئادەمنىڭ يوغان بېشى، گۆشلۈك ئىككى بېلىكى، يەنە يوغان پۇتلىرى بار. ئادەم گۆشىنى يەيدىغان بولسىڭىز، تەمى بىر ئۆمۈر ئاغزىڭىزدا قالىدۇ! — دەپتۇ بۇغا.
يولۋاس ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ:
— سەن ھىيلىمىكىر ئىشلىتىمەن دېمە، ناۋادا ئادەمنى تاپالمىساڭ، سىنى يەيمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇغا دەرھال:
— بولىدۇ، بولىدۇ، دەرھال مەن بىلەن بىرگە مېڭىڭ! — دەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بۇغا ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپتۇ، يولۋاس ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارقىسىدىن يېقىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.
بۇغا يولۋاسنى باشلاپ، بىر تاغ يولىغا يېتىپ كېلىپ، ئوت - چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ، تۇيۇقسىز چىغىر يولدىن سومكا كۆتۈرۈپ ماڭغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقىپ كەپتۇ. يولۋاس بۇنى كۆ-

رۇپ: «ئاشۇ شۇمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ ئادەم ئەمەس، يەنە 20 يىلدىن كېيىن ئاندىن ئادەم بولىدۇ.

بۇغا يولۋاسقا يەنە بىر ئاز كۆتۈپ تۇرۇشنى، ئادەمنىڭ چوقۇم بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

يولۋاس سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، بىر ياشانغان كىشى ھاسا تۇتقىنىچە يېتىپ كەپتۇ. يولۋاس: «ئاشۇ شۇمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

بۇغا بېشىنى چايقاپ:

— ياق، ئۇمۇ ئادەم ئەمەس. ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇقلىرى. يولۋاس ئەپەندى، دادامنىڭ ئېيتىشىچە، سىز ئەزەلدىن ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى يېمەيدىكەنسىز. شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ. يولۋاس يەنە ئۈمىدسىزلىنىپتۇ!

يەنە بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇدۇلدىكى ئورمانلىقتىن بىر ئوۋچى چىقىپتۇ. بۇغا دەرھال يولۋاسقا:

— يولۋاس ئەپەندى، ئەنە قاراڭ، ئادەم يېتىپ كەلدى، — دەپتۇ. يولۋاس شۇنداق قارايدىغان بولسا، ئالدىدىكى مەخلۇقنىڭ ھەر يوغان بېشى، گۆشلۈك، توم بىلەكلىرى بار ئىكەن. ۋاھ، بۇنداق سېمىز جانىۋارنىڭ قېنىمۇ چوقۇم كۆپ بولىدۇ - دە! يولۋاسنىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كېتىپتۇ.

بۇغا تەمكىنلىك بىلەن:

— يولۋاس ئەپەندى، دەرھال بېرىڭ، ئۇنىڭ گۆشى چوقۇم ئاغزىڭىزغا تېتىيدۇ، — دەپتۇ.

يولۋاس ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ،



www.uyghurkitap.com

ئالدىغا ئېتىلىپتۇ. بىراق، «پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە يىقىلىپتۇ.

يولۋاس بىر هازا جان تالاشقاندىن كېيىن، ئاخىر تۈت پۇتى ئاسمانغا بولۇپ جېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

بۇغا ئۇۋچىنىڭ يولۋاس تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «يولۋاس ئەپەندى، ئەمدى مېنى يېيەلمەيدىغان بولدۇڭ - دە!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، كېتىپ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# ئامبالنىڭ ئۇتتۇرغانلىقىغا تەن بېرىشى

قەدىمكى زاماندا، تولىمۇ ئاچ كۆز بىر ئامبال بولۇپ، ھەمىشە تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئاۋامدىن مال - مۈلۈك ئۇندۇرۇۋېلىش كويىدا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇپ، قورۇ ئىچىدىكى قېرى دەرەخنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرىنىڭ بۈك - باراقسان ئۆسۈپ، ناھايىتى يوغىناپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، «مەن نېمە ئۈچۈن بۇ قېرى دەرەختىن پايدىلانمايمەن!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئارقىدىنلا ئۇ يايىلارنى مەھكىمىگە يىغىپ:

— ماڭا تەڭرىدىن ۋەھىي چۈشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەھكىمىمىزنىڭ قورۇسىدىكى بۇ بىر تۈپ دەرەخ ئەسلىدە بىر ئىلاھىي دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ ئۇچى ئەرشكە يېتىدىكەن. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى خەلق ئامان-ئېسەن، بەختلىك ياشاۋېتىپتۇ... ئەتىدىن باشلاپ، ھەممىمىز بۇ ئىلاھىي دەرەخ ئۈچۈن نەزىر - چىراغ قىلىمىز. نەزىر - چىراغ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پۇل كېتىدۇ. شۇڭا، ناھىيىمىزدىكى بارلىق پۇقرالار «نەزىر - چىراغ بېجى» تاپشۇرۇشى كېرەك، — دەپتۇ.

ئامبال بىر بۇيرۇق بىلەن ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىگە:

«ھەربىر ئائىلە ھەر يىلى 2000 يارماق نەزىر- چىراغ بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك... كىمكى باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىقسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئېلان چىقىرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يايلار ھەر تەرەپكە چېپىپ، نەزىر- چىراغ بېجىنى يىغىش باھانىسى بىلەن خەلقنى تالان- تاراج قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى يايلار تيەن قىزچاقنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ دادىسىنى باج تاپشۇرۇشقا قىستاپتۇ.

12 ياشلىق تيەن قىزچاقنىڭ دادىسى بىر ھۈنەرۋەن بولۇپ، تولىمۇ قورقۇنچاق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئەمدىلا باجنى تاپشۇراي دەۋاتقاندا، قىزى ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— بۇ باجنى ھەرگىزمۇ تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ! بۇ پۈتۈنلەي ئامبالنىڭ ھىيلە- مىكرى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

يايلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىققان دېگەن نام بىلەن ئامبال مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

ناھىيە ئامبىلى ئۇنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن:

— ھەي، سېرىق تۈك، سەن تېخى ئامبال مەھكىمىسىنىڭ پەرمانىغا قارشى چىققۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. تيەن قىزچاق قىلچە قورقماستىن، تەمكىنلىك بىلەن:

— ئامبال جانابلىرى، بۇ زادى قانداق باج؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىلاھىي دەرەخكە ئاتاپ نەزىر- چىراغ قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدىغان «نەزىر - چىراغ بېجى». — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئامبال. تيەن قىزچاق:

— بۇ دەرەخنىڭ ئۇچى ھەرگىزمۇ ئەرشكە يەتمەيدۇ، ئۇ ئەرشتىن خېلىلا يىراقلىقتا، — دەپتۇ.

— ئەجەبا سەن بۇ دەرەخنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى بىلەمتىڭ؟

— دەرۋەقە، مەن ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى ھېسابلاپ چىقالايمەن.

ئامبالنىڭ 12 ياشلىق بىر قىزنىڭ ئۆزىنى ئالدىماقچى بولغانلىقى، يەنە تېخى «بۇ دەرەخنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى ھېسابلىيالايمەن» دەپ يالغان سۆزلىگەنلىكىگە ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قەتئىي ئىشەنمەپتۇ. شۇڭا، ئۇ قىزچاققا مۇنداق دەپتۇ:

— بولىدۇ، ئەگەر سەن راستتىنلا بۇ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكىنى ھېسابلىيالىساڭ، ئائىلەڭنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىمەن. ناۋادا ھېسابلاپ چىقالمىساڭ «نەزىر- چىراغ بېجى»نى 10 ھەسسىلەندۈرۈپ ئالىمەن.

— ناۋادا مەن ھېسابلاپ چىقالىسام، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى پۇقرالارنىڭ « نەزىر چىراغ بېجى»نى كەچۈرۈم قىلىۋېتىسىز، — دەپتۇ تيەن قىزچاق. ئامبال بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكىنى ھېسابلاپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن «گېپىمىز گەپ! » دەپتۇ.

تيەن قىزچاق ئالدى بىلەن بىر تال بامبۇك بادرىسى ۋە بىر سىزغۇچ تېپىپ كەپتۇ. ئۇ سىزغۇچ بىلەن بامبۇك

بادرىسنى مېتىرلىغانىكەن، 6 چى ئۇزۇنلۇقتا چىقىپتۇ.
تيەن قىزچاق دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، بامبۇك بادىرىسنى دەرەخنىڭ يېنىغا سانجىپ، بامبۇك بادرىسنىڭ سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلىۋاپتۇ. بامبۇك بادرىسىنىڭ سايىسى 1 چى چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە دەرەخنىڭ سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى مېتىرلاپ، دەل 24 چى چىقىرىپتۇ ۋە:
— ھېسابلاپ بولدۇم. بۇ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى 144 چى ئىكەن،— دەپتۇ.
ئامبال قىزچاقنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، يايىلارغا دەرەخنى يىقىتىپ، مېتىرلاپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. ياپىلار ئامبالنىڭ دېگىنى بويىچە دەرەخنى ئۆرۈپ مېتىرلاپتىكەن، دېگەندەك 144 چى چىقىپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ ئامبال ھەيران قاپتۇ.
تيەن قىزچاق:
— ئامبال جانابلىرى، قانداق، توغرا چىقتىمۇ؟ — دەپتۇ.
ئامبال بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇتتۇرغانلىقىغا تەن بېرىپتۇ.
بىرئازدىن كېيىن، ئامبال:
— دېگىنىم بويىچە ئائىلەڭنىڭ «نەزىر - چىراغ بېجى»نى كەچۈرۈم قىلدىم، — دەپتۇ.
تيەن قىزچاق:
— ياق، ۋەدىڭىز بويىچە پۈتۈن ناھىيىدىكى پۇقرالارنىڭ بېجىنى كۆتۈرۈۋېتىسىز، — دەپتۇ.

ئامبال ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى «نەزىر چىراغچى» بىكار قىلىنىپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# بوغما يىلاننى پەم بىلەن ئۆلتۈرۈش

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا، مەلۇم بىر جايدا تولىمۇ يوغان بىر بوغما يىلان پەيدا بولۇپ، پۇقرالارغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە زىرائەتلەرنىمۇ ۋەيران قىلىپ، دېھقانلارنى ياشاشقا ئامالسىز قالدۇرۇپتۇ. كۆپچىلىك مەس-لىھەتلىشىش ئارقىلىق، ئەھۋالنى ناھىيە ئامبىلىغا ئىن-كاس قىلماقچى بوپتۇ. كىم بىلسۇن، ناھىيە ئامبىلىمۇ ناھايىتى ئاچ كۆز بىر كىشى بولۇپ، ئۇۋچى ياللاپ بوغما يىلاننى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇقىرىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىش ئۈ-چۈن نۇرغۇن كۈمۈش كېتىدۇ دەپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلماقچى بوپتۇ. دېھقانلار نۇرغۇن پۇل تاپشۇرۇپ-تۇ. ئەمما، بوغما يىلان يەنىلا يوقىتىلماي، داۋاملىق خەلققە زىيان سېلىۋېرىپتۇ.

كېيىن ناھىيە ئامبىلى بىر پېرىخون بىلەن تىل بى-رىكتۈرۈپ، بوغما يىلاننىڭ بىر تاغ ئىلاھىي يىلان ئىكەن-لىكى، ئۇۋلاشقا بولمايدىغانلىقى، پەقەت نەزىر - چىراغ بېرىشكىلا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ.

پېرىخون يەنە تىنچ - ئامانلىققا كاپالەتلىك قىلىش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ھەر يىلى تاغ ئىلاھىغا بىر جۈپ قىز - ئوغۇل تارتۇق قىلىش كېرەك، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نامىيە ئام-بىلى ئۆيمۇئۆي كىرىپ، كىمنىڭ ئۆيىدە قىزى ياكى ئوغ-لى بولسا بوغما يىلانغا تارتۇق قىلىش، بالىسى بولمىسا پۇل ۋە كۆچمەس مۈلكىنى چىقىرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت تې-خىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ.

بىر يىلى، بۇ بالا - قازا چۈن ۋا ئىسىملىك بىر بالىنىڭ بېشىغا كەپتۇ. چۈن ۋانىڭ ئۆيى بوغما يىلان تۇرىدىغان تاغنىڭ باغرىدا بولۇپ، ئۇ ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىكەن. چۈن ۋا گەرچە ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەر كۈنى تاغقا چىقىپ ئوتۇن كېسىپ، دەريادىن سۇ ئەكېلىپ، تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىپ، كۆزى ئەما بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالى-دىكەن. ئوغلىنىڭ بوغما يىلانغا يەم بولىدىغانلىقىنى ئاڭلى-غان ئانىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بوپتۇ. چۈن ۋا ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— ئانا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مەن چوقۇم بىر ئامال تاپىمەن، — دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى چۈن ۋا قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ، تاغقا چىقىپتۇ ھەمدە بوغما يىلاننىڭ زادى قەيەردە تۇرىدى-غانلىقىنى ئىزدەپتۇ. ئۇ قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ، بىر چوڭ قورام تاشنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قاتتىق قوي‌ۇن چىقىپ، ناھايىتى سېسىق بىر پۇراق كەپتۇ. چۈن ۋا دەرھال چوڭ بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قۇيۇن چوڭ بىر ئۆچكىنى قورام تاشنىڭ ئۈستىدىكى بىر تاغ ئۆچكۈرىگە ئۇچۇرۇپ، ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى چۈن ۋا يەنە قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ ھېلىقى تاغ ئۆچكۈرىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يەنە قاتتىق قۇيۇن چىقىپ، بىر ئۆچكىنى ئۆچكۈرگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. چۈن ۋا شۇندىلا، ئۆچكىلەرنى ئۆچكۈر ئىچىدىكى بوغما يىلاننىڭ يەپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى چۈن ۋا يەنە شۇ جايغا كېلىپ، قۇيۇن ئۆتۈپ كېتىپ بوغما يىلان ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، تاغ ئۆچكۈرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆزىتىشكە باشلاپتۇ ھەمدە ئۆچكۈر ئېغىزىدىكى قورام تاشنىڭ بوغما يىلاننىڭ كىرىپ چىقىشى بىلەن ئۇپراپ، ئوقۇر شەكلىگە كېپقالغانلىقىنى، ئىچىنىڭ ناھايىتى سىلغىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئوقۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر يېرىق بارلىقىنى بايقاپتۇ.

بەشىنچى كۈنى چۈن ۋا دادىسى ئوۋ ئوۋلىغاندا ئىشلەتكەن نەيزىنى ئېلىپ، ئۇنى راسا بىلەپ، يېرىم كېچە بولغاندا تاغقا چىقىپتۇ. ئۇ بوغما يىلاننىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆچكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، نەيزىنى بوغما يىلان كىرىپ چىقىدىغان ئوقۇر شەكلىدىكى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى يېرىققا قىستۇرۇپ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، خاتىرجەم بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

چۈن ۋا تاڭ يورۇغاندا ئاران ئۆيىگە كەپتۇ. كىم بىلسۇن، بۇ ۋاقىتتا ئامبال مەھكىمىسىدىكى يايىلار ئاللىقاچان ئۇنى تۇتۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. چۈن ۋا

بىلەن يەنە بىر قىزچاق نەزىر سۇپىسىغا چېلەك باغلىنىپتۇ. پېرىخون قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يالاپ تاغ [illegible] ئېلىپ مېڭىپتۇ. يۇرتداشلار يىغا - زار قىلىشىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇشۇپتۇ.

تۇن پەردىسى يېيىلغان ۋاقىتتا، بوغما يىلان ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ئۇلارنى يېمەكچى بوپتۇ. ئەمما، بوغما يىلان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى ئوقۇر شەكىللىك تاشنىڭ ئۇستىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا، چوڭ ۋا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان نەيزە ئۇنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپ، جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. يىراقتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يۇرتداشلار يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، چوڭ ۋانىڭ پەم بىلەن بوغما يىلاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىشىپتۇ.



# ئات ئىزدەش

بىر دېھقان بىر تۇياق چىلان تورۇق ئېتىنى يوقىتىپ قويۇپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ. دېھقانغا نىسبەتەن بىر تۇياق ئات ئائىلە مۇلكىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ-دە! دېھقان بۇ ئات بىلەن كىراكەشلىك قىلىدىكەن، يەر تېرىيدىكەن، ئات بولمىسا تۇرمۇش كۆچۈرمىكىمۇ قىيىن بولىدىكەن.

دېھقان ئېتىنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كېلىپ بىر قانچە كەنتنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئاتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان ئېتىنى بازاردىن ئىزدىمەكچى بوپتۇ. بۇ كۇنى بازار ئىنتايىن قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلاغ بازىرىدا ئۇلاغ ئالىدىغان، ئۇلاغ ساتىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى، ئات-كالىلارنىڭ كىشنەش، مۆرەشلىرى بازارنى بىر ئالغان، قىستا-قىستاڭچىلىقتا پۇت قويغۇدەك يەرمۇ يوق قايناق بازار بولغانىكەن.

دېھقان ئۇدۇل ئات بازىرىغا بېرىپ، بىر ئايلىنىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز بىر تۇياق ئاتنىڭ قاتتىق كىشنىگىنىنى ئاڭلاپ شۇنداق كەينىگە قارىسا، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھېلىقى يىتىپ كەتكەن ئېتىنى يېتىلەپ، «ساتىمەن» دەپ توۋلاپ يۇرگۇدەك.

www.uyghurkitap.com

دېھقان دەرھال بېرىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپلا تارتىپ مېڭىپتۇ. ئاتنى ساتماقچى بولغان ئادەم:

— ھەي! قانداق ئادەمسەن؟ مېنىڭ ئېتىمنى نەگە ئاپىرىسەن؟ — دەپ ھۆركىرەپتۇ. دېھقان:

— بۇ ئات مېنىڭ، مەن ئاتنىڭ ئىگىسى، بايا ئاتنىڭ مېنى كۆرۈپلا كىشنەپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. ئاتنى ساتماقچى بولغان كىشى:

— ئات مېنىڭ، ھەقىقىي ئىگىسى مانا مەن، — دەپتۇ.

بۇ ئىككىيلەن تالىشىپ بارغانسېرى ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ تاماشا كۆرۈشكە باشلاپتۇ.

دېھقان ئېتىنى ئالالمىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە بىر چوت سوقۇپتۇ. ئۇ بېشىدىكى چىغ قالپىقى بىلەن ئاتنىڭ كۆزىنى توسۇپ تۇرۇپ، ئاتنى ساتماقچى بولغان كىشىدىن سوراپتۇ:

— بۇ ئاتنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ. ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئاتنىڭ ئىگىسى بولساڭ، قايسى كۆزىنىڭ قارىغۇ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— سول كۆزى.

— خاتالاشتىڭ...

— ئوڭ كۆزى، ئوڭ كۆزى. ئۆتكەن ئاي كۆزى ئاغرىپ قېلىپ، مەن ئۇنى مال دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالاتقان، — ئات ساتقۇچى دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىۋاپتۇ. تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار ئات ساتقۇچىنىڭ گېپىنى

ئاڭلاپ كۈلۈشۈپتۇ.

دېھقان دەرھال چىغ قالپاقنى ئېلىۋېتىپ:

— كۆپچىلىك قاراڭلار. بۇ ئاتنىڭ ھەر ئىككى كۆزى ساق. مانا بۇ ئىسپات. ئۇ مېنىڭ ئېتىمنى ئوغرىلاپتۇ!

تاماشا كۆرۈۋاتقانلار تەرەپ - تەرەپتىن:

— شۇنداق، چوقۇم شۇ ئوغرىلاپتىكەن، بولمىسا نە-دىمۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىل-مەيدىغان خوجايىن بولسۇن، — دېيىشىپتۇ.

ئات ساتقۇچى ھودۇققىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلال-ماپتۇ. دېھقان ئات ساتقۇچىنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرى-نى تارتىۋېلىپ خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاچ كۆز دىۋە

تاغ باغرىدا بىر تۈزلەڭلىك بولۇپ، 20 مودىن ئارتۇق يەر بار ئىكەن.

بۇ يەردە بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بولۇپ، ئەر تىرىشچانلىق بىلەن، ئايال توقۇمۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تولىمۇ بەختلىك ياشايدىكەن. 10 نەچچە ساندۇق ھەسەل ھەرىسى ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ئىكەن.

ئەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ھەسەل ھەرىلىرى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ گۈلچاڭلىرىنى چاڭلاشتۇرۇپ بېرىدىكەن. ئەر ئۆي ئەتراپىغا ۋە ئېتىز قىرلىرىغا گۈل-گىياھلارنى تېرىسا، ھەسەل ھەرىسى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ ھەسەل يىغىدىكەن.

10 نەچچە ساندۇق ھەسەل ھەرىسى نۇرغۇن ھەسەل چىقىرىپ، بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇننى خېلى كۆپ ھەسەل بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ئەمما، بۇ ھەرىلەر يات بىراۋنىڭ بىر قوشۇق ھەسەل يېيىشىگىمۇ يول قويمايدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋاتسا، تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئاسمانغا قارىسا ھاۋا ئۇچۇق، ئاسمان كۆپكۆك تۇرغان،

ھېچبىر ھاۋا گۇلدۇرلەپ يامغۇر ياغمىدىغاندەك ئەمەس. بۇ نېمە ئاۋازدۇ؟

ئۇلار ئەجەبلىنىپ تۇرۇشىغا بىر قارا كۆلەڭگە ئاسماندىن چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بۇ كۆلەڭگە يوغانلىقىدىن ھەتتا قۇياشنىمۇ توسۇۋاپتۇ. كۆلەڭگە يەرگە چۈشۈپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن يوغان، نېمىدېگەن ئېگىز دۆۋە بۇ!

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. يېگۈدەك نېمە بار؟ — دۆۋە گەپ قىلغاندا، ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك ئاۋاز چىقىرىدىكەن.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بايىقى ئاۋازنىڭ مۇشۇ دۆۋىنىڭ قورسىقىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى، ئادەتتىكى ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچسا قورسىقى غولدۇرلىغىنى بىلەن، بۇ دۆۋىنىڭ قورسىقى ئاچسا ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك ئاۋاز چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ.

— دوستۇم، بىرئاز ساقلىغىن، ئايالىم ساڭا تاماق قىلىپ بەرسۇن، ئۇ تاماقتا بەك ئۇستا، — دەپتۇ ئەر.

— ئۇنداقتا تېز بولسۇن، مەن ئاچلىقتىن بولالماي قالدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەن تاماقنى بەك كۆپ يەيمەن، كۆپرەك ئەتسۇن، — دەپتۇ دۆۋە. ئىككىيلەن دەرھال:

— چاتاق يوق، چوقۇم دېگىنىڭدەك قىلىمىز، — دەپتۇ. ئۇلار تەرلەپ - پىشىپ يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ، ئەتكەن تامىقىنى ئات ھارۋىسى بىلەن سۆرەپ دۆۋىنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قارىسا، دۆۋە مېۋىزارلىقتىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— تاماقنى بەك ئاستا ئېتىدىكەنسىلەر، مەن ئاچلىقتا چىدىيالماي بىرقانچە تال مېۋەڭلەرنى يېگەچ تۇردۇم، — دەپتۇ دىۋە.

دىۋە تاماقنى بىر يالماپلا قاچا بىلەن قوشۇپ يېۋېتىپتۇ ۋە تەلەتىنى تۈرۈپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ ئەتكەن تامىقىڭلار چىشىمنىڭ كاۋىكىغىمۇ دال بولالمىدى. شۇنداقمۇ ئاز ئەتكەن بارمۇ؟ — دەپ ھۆركىرەپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ھاڭۋېقىپلا قاپتۇ. دىۋە بىر ماڭداپلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆيدىكى ئاشلىق قاچىلاندىغان كۈپلەرنى ئېچىپ، ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى يەپ، ئۆيدە يېگۈدەك ھېچ نەرسە قويماپتۇ.

ئۇلار نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرسا، دىۋە يەنە:

— يەيدىغان نېمە بار؟ دەرھال ئەكېلىڭلار، ھەرنېمىتىڭلار ئاستا بولۇپ قالسا سىلەرنىمۇ يېۋەتمەي يەنە، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەر ئايالىغا، ئايالى ئېرىگە قاراپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟

تۇيۇقسىز ئەر بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ كەينىدىكى ھەسەل ھەرىسىساندۇقىدىن بىر قاچا ھەسەلنى ئېلىپ، دىۋىگە سۇنۇپتۇ:

— دوستۇم بۇنى يەپ باققىن.

دىۋە بىر قاچا ھەسەلنى بىراقلا يېۋېتىپ:

— پاھ، بەكلا تاتلىق ئىكەنغۇ، — دەپتۇ.

— ئەگەر يېيىشنى خالىساڭ ئۆينىڭ كەينىدە 10

نەچچە ساندۇق مۇشۇنداق نەرسە بار. خالىساڭ ھەممىنى يېۋەتكىن.

دېۋە تاقەت قىلالماي ئۆيىنىڭ كەينىگە ئىككى تاقلاپلا بېرىپ، 10 نەچچە ھەسەل ھەرىسى ساندۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قولىنى ساندۇققا شۇنداق تىقىپتىكەن، ھەرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ چىقىپ دېۋىنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغا قونۇپ، باش - كۆزىنى چېقىشقا باشلاپتۇ.

ھەرە پادىشاھى بىرلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىكەن، ھەرىلەر دېۋىنى راسا چېقىپتۇ. دېۋە ۋايجانلاپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپمۇ قۇتۇلالماي، ئاخىر ئۆلۈپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئۈچ قىز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن، بولۇپمۇ ئۈچىنچى قىزى ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق ئىكەن.

بىر كۈنى دادىسى ئېتىزدا ئىشلەۋاتقاندا، ئانىسى تاماق ئېتىپ چوڭ قىزىدىن دادىسىغا ئەۋەتىپتۇ. چوڭ قىزى ئېتىزلىققا بارىدىغان يولنى بىلمەيدىكەن، يېرىم يولغا بارغاندا بۆرىگە ئۇچراپ قىلىپ:

— بۆرە ئەپەندى، دادام قەيەردە دېھقانچىلىق قىلىۋاتقاندۇ؟ مەن ئۇنىڭغا تاماق ئاپىرىپ بەرمەكچىدىم، — دەپتۇ. بۆرە:

— مەن بىلىمەن، سىزنى باشلاپ باراي، — دەپتۇ.

بۆرە قىزچاقنى ئۇيان ئايلاندۇرۇپ، بۇيان چۆرگىلىتىپ، ئاخىر ئۆۋىسىغا باشلاپ كېلىپلا ئىشىكنى ئېتىۋاپتۇ ۋە قىزنى يەر ئاستى ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

چوڭ قىزى كەچكىچە كەلمىگەچكە ھەممەيلەن بەكلا جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئانىسى: «بەلكىم قىزىم دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ قالغاندۇ» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى دادىسى يەنە ئېتىزلىققا ئىشلىگىلى كېتىپتۇ. ئانىسى ئوتتۇرانچى قىزىنى تاماق

ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئوتتۇرانچى قىزىمۇ يولنى بىلمىگەچكە، ئوخشاشلا بۆرە ئۇۋىسىغا سولىنىپ قاپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى كەنجى قىزىنىڭ تاماق ئاپىرىشىغا توغرا كەپتۇ. كەنجى قىزمۇ ئورمانلىق يېنىغا كېلىپلا بۆرىگە ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە:

— دادىڭىز ئورمانلىقنىڭ كەينىدە يەر تېرىۋاتىدۇ. مەن سىزنى باشلاپ باراي، — دەپتۇ.

كەنجى قىزمۇ بۆرە ئۇۋىسىغا قامىلىپتۇ.

ئۈچ قىز ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئازابلىنىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۆرە:

— مەن بىر قازان ياغ چۇچۇتىمەن، ياغقا بىر تال مىس ھالقا تاشلايمەن. كىم قولىنى كۆيدۈرمەي ھالقىنى ماڭا ئېلىپ بېرەلىسە، شۇنى قويۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

چوڭ قىز بىلەن ئوتتۇرانجى قىز قولىنى تىقىپلا ئال-ماقچى بوپتۇ، ئاقىۋەتتە مىس ھالقىنى ئالالمايلا قالماس-تىن، قولىنىمۇ كۆيدۈرۈۋاپتۇ. نۆۋەت كەنجى قىزغا كەل-گەندە، كەنجى قىز بىر تال بامبۇك تايىقى بىلەنلا ھالقىنى ئاپتۇ، قولىمۇ كۆيمەپتۇ. بۆرە:

— قارىغاندا كەنجى قىز ئەڭ ئەقىللىق ئىكەن. بول-دى، مەن كەنجى قىزنى خوتۇنلۇققا تاللىدىم، — دەپتۇ.

بۆرە چوڭ قىز بىلەن ئوتتۇرانچى قىزنى يەر ئاستى ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپتۇ. كەنجى قىزنىڭ ئىككى ئاچىسى ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا راسا ئاچچىقى كەپتۇ ۋە كاللا ئىشلەتمىسەم بولمىغۇدەك، دەپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ. ئۇ بۆرىگە:

— سەن مەن بىلەن توي قىلماقچى بولساڭ ئاتا-
ئانامغا ئازراق سوۋغا ئەۋەتكىن، ئاتا-ئانام سېنى بېقىپ
مۇشۇنچىلىك قىلغۇچە ئاز جاپا تارتمىدى، — دەپتۇ.
— بولىدۇ، بولىدۇ، لېكىن نېمە ئەۋەتسەك بولار؟ —
دەپتۇ بۆرە.
— مەن بىر سېۋەت توقۇپ ئىچىگە سوۋغات تەييارلاپ
قويدۇم. سەن ئاپىرىپ بەرسەڭلا بولىدۇ، لېكىن يولدا بار-
غۇچە سېۋەتنىڭ ئىچىدىكى سوۋغاتنى كۆرۈشۈڭگە قەتئىي
بولمايدۇ، مەن ئۆگزىدە سېنى كۆزىتىپ ئولتۇرىمەن، —
دەپتۇ قىز.
— ماقۇل، گېپىڭنى ئاڭلايمەن، — دەپتۇ بۆرە.
ئەسلىدە كەنجى قىز ئاللىقاچان شاخ-شۇمبىلاردىن
پايدىلىنىپ بىر قارانچۇق ياساپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى كىي-
دۈرۈپ، ئۆگزىگە خۇددى ئۇدۇل تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان-
دەك قىلىپ قويۇپ، ئىككى ئاچىسى بىلەن بىرلىكتە سې-
ۋەت ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، سېۋەتنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتكەن-
كەن. بۆرە سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئازلا قالغاندا سېۋەتنى
ئېچىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، سېۋەتنى يەرگە قويۇپتىد-
كەن، كەنجى قىز سېۋەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:
— مەن بۇ يەردە تۇرۇپ سېنى نازارەت قىلىۋاتىمەن.
سېۋەتنىڭ ئاغزىنى ئاچما! — دەپ توۋلاپتۇ.
بۆرە كەنجى قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ئۆيى
تەرەپكە قارىسا، كەنجى قىز راستتىنلا مۇشۇ تەرەپكە قاراپ
توۋلاۋاتقۇدەك. بۆرە ئامالسىز سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا
قاراپ مېڭىپتۇ. بۆرە بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، ئەمدى

كۆرۈپ باقسامغۇ بولار؟ زادى قانداق سوۋغاتتۇر؟ نېمانچە ئېغىر؟ دەپ سېۋەتنى يەرگە قويۇپتۇ. بىراق، كەنجى قىز يەنە توۋلاپتۇ:

— قارىما، قارىساڭ كۆزۈڭ قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ.

بۆرە كۆڭلىدە «ئارىلىق شۇنچە يىراق تۇرسىمۇ قانداق كۆرەلىگەندۇ؟ كۆزى ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

بۆرە ئامالسىز غەيرەتكە كېلىپ ئۈچ قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ سېۋەتنى شۇنداق قويۇشىغىلا قىزلار سېۋەتتىن چىقىپ:

— بۆرىنى ئۆلتۈرۈڭلار! ياۋۇز بۆرىنى ئۆلتۈرەيلى! — دەپ توۋلىشىپتۇ.

ئۈچ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال كالتەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە بىرلىكتە بۆرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دېھقان ئايالنىڭ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈشى

بىر كۈنى بىر دېھقان ئازراق بامبۇك كېسىپ، سې-تىپ پۇلىغا ئاشلىق سېتىۋالماقچى بولۇپ، بامبۇكزارلىققا بېرىپ، ئەمدىلا بىر بامبۇكنى كېسەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ: «ئالدىڭىزدا بىر بامبۇكزارلىق بار. بۇ يەردىكىدىن ياخشى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

دېھقان ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭغانىكەن، ھە-قىقەتەن ناھايىتى باراقسان بىر بامبۇكزارلىققا كېپقاپتۇ. ئۇ تېزلا بىر باغلام بامبۇكنى كېسىپ بوپتۇ. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ قايتىدىغان يولىنى تاپالماپتۇ. ئەسلىدە دېھقان ئالۋاستى تەرىپىدىن سېھىرلەنگەنىكەن. دېھقان ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپ قاپتۇ ۋە ھېچ نەرسىنى سەزمەپتۇ. ئالۋاستى بىر سىلكىنىپلا دېھقانىنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپتۇ ۋە دېھقانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئالۋاستى دېھقانىنىڭ ئىككى بالىسى بىلەن ئايالى-نى يېۋەتمەكچىكەن.

ئالۋاستى دېھقانىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. دېھقانىنىڭ ئايالى ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى بامبۇكنى ئاپ-تۇ. ئايال ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى ئەمەسلىكىنى خىيالىغىمۇ

كەلتۈرمەپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا يەنە چاي قۇيۇپ، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بېرىپتۇ، بەدەنلىرىگە سالقىنلىتىش مېيىنى سۈركەپ قويۇپتۇ. دېھقان ئايالنىڭ قولى بەكمۇ يۇمشاق بولغاچ، سالقىنلىتىش مېيىنىڭ تەسىرى بىلەن ئالۋاستى بىر دەمدىلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئالۋاستى كاڭنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقاندا دېھقان ئايال ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تىرنىقىنى ئەپقويماقچى بولۇپ، پۇتىغا شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ پۇتىنى ئەمەس، خۇددى ئېيىقنىڭ تاپىنىدەك بىر نەرسىنى كۆرۈپ-تۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «پەقەت ئالۋاستىنىڭلا مۇشۇنداق پۇتى بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە ئېرىنىڭ ئالۋاستى تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ قالغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، بۇ يالغان ئەر چوقۇم ئالۋاستى، دەپ جەزملەشتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالۋاستىغا يەنە سالقىنلىتىش مېيى سۈركەپ، تېخىمۇ قات-تىق ئۇخلىتىۋېتىپتۇ.

ئالۋاستى راستىنلا بەك قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەچ، ھېچ نەرسىنى سەزمەپتۇ. دېھقان ئايال بىر قانچە ياستۇقنى ئالۋاستىنىڭ يېنىغا قويۇپ، خۇددى ئۆزى ھەمراھ بولۇپ ئۇخلاۋاتقاندەك ھالەت شەكىللەندۈرۈپتۇ، ئاندىن ئىككى بالىسىنى باشقا بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كىرىپ پولغا نۇرغۇن پۇرچاقلارنى چېچىپ، ئۈستىگە پا-خال تاشلاپ قويۇپتۇ.

دېھقان ئايال ئاشخانىغا چىقىپ يوغان بىر قازان سۇنى قاينىتىپ پەشتاقنىڭ ئاستىغا قويۇپتۇ ـ دە، پەشتاقنى ئېلىۋېتىپ، ئالۋاستى چۈشەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپ،

ئىككى بالىسى بىلەن راسا تاماشا كۆرمەكچى بوپتۇ.

ئالۋاستى ئاخىر ئويغىنىپتۇ. ئۇ دېھقاننىڭ ئايالىنى يېۋەتمەكچى بولۇپ، يېنىدىكى ياستۇقنى بىر چىشلەپتىكەن، ئاغزىغا لىققىدە پەي توشۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى-نىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، دەرھال كارىۋاتتىن چۈشۈپ پاخالغا دەسسەپتىكەن، پۈرچاقلار چېچىلىپ ئالۋاستىنى يىقىتىۋېتىپتۇ. ئالۋاستى ئورنىدىن تۇرسىلا پۈرچاقلارغا دەسسىگەچكە، يىقىلىپ يۈرۈپ پەشتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئالۋاستى ئەسلىدە پەشتاقنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىلىپ چۈشمەكچى بوپتىكەن، قارىسا پەشتاق يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۈستىدىن يىقىلغانچە بىر قازان قايناق سۇنىڭ ئىچىگىلا چۈشۈپتۇ.

ئالۋاستى قايناق سۇنىڭ ئىچىدە تېزلا ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، دېھقان ئايال ئىككى بالىسى بىلەن ئېرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئىزدە - ئىزدە دېھقاننى ئاخىر بامبۇكزارلىقتىن تېپىپتۇ، دېھقان ئۆلمى-گەن، لېكىن ئارانلا تىنىقى قالغانىكەن...



# توخۇ بىلەن تىمساھ

بۇرۇن توخۇ بىلەن تىمساھ ئىنتايىن ياخشى دوستلار-
دىن ئىكەن. ئۇلار بىرلىكتە تىرىقچىلىق قىلىپ، بىرلىكتە
ئارام ئېلىپ، بىرلىكتە ئويۇن ئوينايدىكەن. خۇددى بىر
تۇغقان قېرىنداشلاردەك بىللە ئۆتىدىكەن.

كېيىن قانداقتۇر ئۇلار ئۆزئارا ئالاقىلەشمەيدىغان بو-
لۇپ قاپتۇ. ئەسلىدە تىمساھ دوستلۇققا يارىمايدىغان ئەبلەخ
ئىكەن. تىمساھ توخۇ بىلەن ئادا - جۇدا بولغاندىن كېيىن
ئۇنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ.
لېكىن، توخۇ يەنىلا تىمساھنى ئۆزىنىڭ دوستى دەپ سەمى-
مىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن.

بىر كۈنى تىمساھ ئۆزىنىڭ شۇم غەرىزىنى ئىشقا
ئاشۇرۇپ، توخۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، ئايالى
بىلەن بالىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بۇ ئۆمرۈمدە ناھايىتى بەختلىك ياشىدىم،
ھەرخىل نازۇنېمەتلەرنى تېتىپ كۆردۈم. پەقەت توخۇ گۆ-
شىنىلا يەپ باقمىدىم. توخۇ گۆشى قانداق بولىدىغاندۇ؟

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئارزۇلۇق ئوغلى نېمە دېمەك-
چى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ بوپتۇ. ئۇ بىر ۋاپادار بالا
ئىكەن. دادىسى نېمە دېسە شۇنى بەجا كەلتۈرىدىكەن. شۇ-

ڭا، ئۇ دادىسىنى كارىۋاتقا ئۆلگەندەك قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، توخۇنىڭ ئۆيىگە خەۋەر بەرمەكچى بولۇپ يۈرۈپتۇ.

تىمساھنىڭ ئوغلى توخۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىگە كەلگەن بەختسىزلىكنى ئېيتىپتۇ.

توخۇ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئۆيدىن چىقىپ، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، جىددىيلەشكەن ھالدا:

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

تىمساھنىڭ ئوغلى:

— ھاما، دادام تۈنۈگۈن ئۆلۈپ كەتتى. سىز دادامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ ياخشى دوستى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سىزگە دەپ قويۇشنى توغرا تاپتىم، — دەپتۇ.

توخۇ تىمساھنىڭ بۇنداق بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەي، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سوئال سوراي دېيىشىگە، تىمساھنىڭ ئوغلى يەنە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— مەن دادام ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق تۈگۈن بارلىقىنى بىلىمەن، لېكىن ئۇ ئۆتكەن ئىشلار. ھاياتلار ئۆلگەنلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرسا ياخشى بولماس، يەنە كېلىپ توخۇ ھاما، سىزنىڭ كۆكسى - قارنىڭىز كەڭ، بۇنداق كىچىك ئىشلارنى تەگەپ يۈرمەيسىز.

— شۇنداق، كىم بىزنى قەدىناس دوست بولسۇن دەپتۇ. كونا دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىسىدىن بولسىمۇ پەتە ئوقۇپ كەلمىسەم بولمايدۇ.

— رەھمەت ھاما!

تىمساھنىڭ ئوغلى كەتكەندىن كېيىن، توخۇ بالىلىرىنى يىغىپ:

— مېنىڭ ياخشى دوستۇم تىمساھ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەن سىلەرنى پەتە ئوقۇشقا بىللە ئېلىپ بارىمەن. بىراق، جەسەتكە ھەرگىز يېقىنلاشماڭلار. چوقۇم ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇڭلار. ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالسا، مېنىڭ ئىشارىتىمگە قاراپ ئىش كۆرۈڭلار، — دەپتۇ.

بالىلىرىمۇ «ماقۇل» دېيىشىپتۇ.

توخۇ بالىلىرىنى ئېلىپ تىمساھنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. يىراقتىن قارىسا تىمساھ تۈپتۈز ياتقۇدەك. توخۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— تىمساھ دوستۇم، سەن مۇشۇنداقلا بىزدىن ئايرىلىپ كەتتىڭمۇ؟ ئۆزۈڭ يالغۇز ئۇ ئالەمگە كېتىۋالدىڭمۇ؟ ھۇ - ھۇ...

تىمساھ پەقەتلا مىدىرلىماي جىمجىت يېتىۋاپتۇ. توخۇ يەنە:

— دوستۇم راستتىنلا ئۆلگەن بولساڭ پۇتۇڭنى بىر مىدىرلىتىپ قويغىن، — دەپتۇ.

تىمساھ ئۇنىڭ پىلانىنى بىلمەي، پۇتىنى مىدىرلىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ مىدىرلىغىنىنى توخۇ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى كۆرۈپ قاپتۇ.

توخۇ يەنە:

— قەدىرلىك دوستۇم، سەن بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشماقچى بولساڭ، كۆزۈڭنى ئېچىپ مېنى ھەم بالىلىرىمنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالغىن، — دەپتۇ.

تىمساھ راستتىنلا كۆزنى ئېچىپتۇ.

ئۇ ئەمدىلا ئولتۇرماقچى بوپتىكەن، توخۇ بىر كۆز ئىشارىسى قىلىپ، باللىرى بىلەن بىرلىكتە تىمساھنىڭ ئۆيىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە:

— تىمساھ ئەپەندىم، سەن ئۆلمەپسەن. يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋاپسەن، سەن بىزنى ئالدىماقچى بوپسەن، لې-كىن سەن مەڭگۈ بىزنى يېيەلمەيدىغان بولدۇڭ، — دەپتۇ-دە، كېتىپ قاپتۇ.



# دانىشمەن قازى

بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئۆز دۆلىتىدە بەكمۇ قابىلىيەتلىك بىر قازىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرقانداق قىيىن دېلوغىمۇ ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

پادىشاھ بۇ قازى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ھەققەتەن شۇنداق قابىلىيەتلىك، ئادىل ياكى ئەمەسلىكىنى، قىيىن دېلولارغا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان - چىقىرالمايدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ چىلان تورۇق ئېتىنى مىنىپ، سودىگەر سىياقىدا كىيىنىپ ئوردىدىن يولغا چىقىپتۇ. چىلان تورۇق ئات پادىشاھنىڭ 10 نەچچە يىللىق ھەمراھى بولۇپ، پادىشاھ سەپەرگە چىقسىلا مۇشۇ ئاتنى مىنىدىكەن. پادىشاھنىڭ بۇ چىلان تورۇق ئاتقا چوڭقۇر مېھرى بار ئىكەن.

پادىشاھ ئېتىنى مىنىپ قازى ئولتۇراقلاشقان شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇنىڭغا بىر مېيىپ ئادەم ئۇچراپ قاپتۇ. مېيىپ ئادەم ئۇنى توسۇپ:

— باي ئاكا، مېنى ئېتىڭىزغا مىندۈرۈۋالغان بولسىڭىز، پۇتۇم مېيىپ ئىدى، پەقەتلا ماڭالمايۋاتىمەن، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سەن نەگە بارماقچىدىڭ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن بىر تىلەمچى، نەگە بارالىسام شۇ يەرگە بارىمەن.

— مەن ئالدىمىزدىكى شەھەرگە بارماقچىدىم. شۇ يەرگىچە مىنگىشىۋالغىن.

مېيىپ پادىشاھنىڭ كەينىگە مىنگىشىپتۇ. چىلان توغرۇق ئىككى ئادەمنى بىر مەيدانغا ئېلىپ كەپتۇ. مەيداندا ئادەم ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىشىلەر قازىنىڭ دەۋا سورىشىنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ مېيىپقا:

— ئاتتىن چۈشكىن، — دەپتۇ. مېيىپ:

— مەن نېمىشقا ئاتتىن چۈشكۈدەكمەن، ئاتنىڭ ئىگىسى مەن تۇرسام، — دەپتۇ.

— سەن قانداق ئادەمسەن؟ مەن سېنى مۇشۇ يەرگىچە ئەكېلىپ قويغان تۇرسام، يەنە خىجىل بولماي مېنىڭ ئېتىمنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالماقچى بولۇۋاتامسەن، ئاڭلاپ قوي مەن ئاتنىڭ ئىگىسى.

ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ - تالىشىشقا باشلاپتۇ. ھېچقايسىسى يول قويماپتۇ. ئاخىر ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا دەۋا قىلىپ كەپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى قوبۇل قىپتۇ. ئالدى بىلەن پادىشاھ بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپتۇ، كېيىن مېيىپ سۆزلەپتۇ.

مېيىپ:

— ئات مېنىڭ، مەن شەھەرگە كەلمەكچى بولۇپ يېرىم يولغا كەلگەندە، بۇ كىشى يولدا ئولتۇرغانىكەن، پەقەت ماڭالمىدىم دىگەنىدى، مەن ئېتىمغا مىندۇرۇپ شە-

ھەرگىچە ئالغاچ كەلسەم، ئۇ خىجىل بولماي ئاتتىن چۈشـ-
كىلى ئۇنىمايلا قالماستىن، ئات مېنىڭ دەيدۇ، ئۇ بەك
يۈزسىز كەن. قازى بېگىم، ماڭا ياردەم قىلىپ، بۇ يۈز-
سىزنى قوغلىۋەتسىلە ...— دەپتۇ. قازى بىر ئاز ئويلانغانـ-
دىن كېيىن:

— سىلەر ئاتنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتىپ، ئەتە چۈشتە
كېلىڭلار، مەن ئامال قىلاي، — دەپتۇ.

ئەتىسى چۈشتە، پادىشاھ بىلەن مېيىپ تەڭلا قازىنىڭ
سوت مەيدانىغا يېتىپ كەپتۇ. قازى ئۇلارنى كەڭ بىر
-ھويلىغا باشلاپ كەپتۇ. ھويلىدا 20 تۇياق ئېگەرلەنمىگەن
چىلان تورۇق ئات بار ئىكەن. قازى:

— سىلەر بۇ ئاتلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزۈڭلارنىڭ ئېتىـ-
نى تونۇيالامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

مېيىپ ئاتلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، خېلى ئۇزاق قارىغانـ-
دىن كېيىن بىر ئاتنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ مېنىڭ ئېتىم، — دەپتۇ. قازى:

— ئۇنداقتا، سەن ئۇ ئاتنى يېتىلەپ كەلگىن، —
دەپتۇ.

مېيىپ ئاتنى يېتىلىسە، ئات پەقەتلا ماڭغىلى ئۇنىماي
قېچىپ يۈرۈپتۇ. قازى پادىشاھنى تاللاشقا بۇيرۇپتۇ. پادىـ-
شاھ ئەمدىلا ئاتلارنىڭ قېشىغا كېلىشىگە بايىقى قېچىپ
يۈرگەن ئات دەرھال پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى
ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ، مۇلايىمغىنا كىشنەپ، تۇياقلىرىنى
يەرگە بوشقىنا ئۇرۇپ، قۇيرۇقلىرىنى ئۇياق - بۇياققا
شىپاڭشىتىپتۇ. پادىشاھ ئاتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ يېنىككىنە

www.uyghurkitap.com

سۆيۈپ قويۇپتۇ. ئات تىلىنى چىقىرىپ پادىشاھنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىنى يالاشقا باشلاپتۇ. سوتچى:

— بولدى، ئاتنى سىز ئېلىپ ماڭسىڭىز بولىدۇ. سىز ئاتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئىكەنسىز، — دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مېيىپ غىپپىدىلا تىكىۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ قازىغا:

— ئەمەلىيەتتە مەن سودىگەر ئەمەس، پادىشاھ. مەن سىزنىڭ دەۋانى قانداق سورايدىغانلىقىڭىزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگەن. ھازىر مەن بىلدىم. سىز ئىنتايىن پاراسەتلىك ھەم ئادىل قازى ئىكەنسىز. مەن سىزنى نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن تارتۇقلايمەن، — دەپتۇ.

— ھاجىتى يوق. مېنىڭ ئۇنداق كاتتا ئىنئاملاردىن تەمەيىم يوق، پەقەت سىزنىڭ قوللىشىڭىز بولسىلا، ماڭا شۇ كۇپايە، — دەپتۇ قازى.



# ماشىنچى بىلەن دىۋە

شۇنداق يوغان ئىككى دىۋە بولۇپ، جانلىقلارغا ئېغىر زىيان سېلىپ، دۆلەتنىڭ تىنچ، ئەمىن بولۇشىغا كۆپ دەخلى قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىر پەرمان جاكارلاپتۇ:

— كىم دىۋىنى ئۆلتۈرەلىسە 5000 سەر ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلايمەن ھەمدە مەلىكىنى شۇ كىشىگە ياتلىق قىلىمەن. 5000 سەر ئالتۇن ۋە پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەرت بىر ماشىنىچىنى بەكلا جەلپ قىپتۇ. ئۇ تەلىيىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ.

ئىلگىرى نۇرغۇن باتۇرلار بۇ دىۋىنى يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ ئاقىۋەت دىۋىگە يەم بولغانىكەن. ماشىنىچى ھەم ئورۇق، ھەم پاكار، يەنە كېلىپ جېنىمۇ ئارانلا ئىكەن، دىۋىنى قانداق يوقىتالىسۇن؟

پادىشاھ ئۇنىڭغا پەقەتلا ئىشەنمەپتۇ.

ماشىنىچى دىۋە تۇرۇشلۇق ئورۇننى بىلىۋېلىپ، ئىككىنچى كۈنىلا يولغا چىقىپتۇ. ئۇ پەقەت قىسقىغىنە بىر شەمشەر ئېلىۋالغاندىن باشقا، ھېچ نەرسە ئالمىغانىكەن. چۈنكى، ئۇ دىۋىنى قورالغا تايىنىپ ئەمەس، ئەقىل-پاراسەتكە تايىنىپ يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ماشىنىچى ئورماقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە بېرىپ، تۇيۇقسىز ھاۋا گۆلدۈرلىگەندەك ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاپ قاپتۇ. ئۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بوپتۇ.

ھەقىقەتەن ناھايىتى يوغان ئىككى مەخلۇق توختىماي ياغاچ يۆتكەۋاتقانىكەن. ئۇلار ياغاچلارنى ناھايىتى چوڭ بىر ھارۋىغا بېسىۋاتقان بولۇپ، ھاۋا گۆلدۈرلىگەندەك ئاۋاز ياغاچنى يۆتكىگەندە چىققانىكەن.

ماشىنىچى «مېنىڭ بۇ قىسقا شەمشىرىم بىلەن ھېچ ئىش قىلغىلى بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بىر پىلان تۈزۈپ، ھېلىقى ئېگىز دېۋىگە بىر تال تاش ئېتىپتۇ.

ئېگىزرەك دېۋە ماشىنىچىغا كەينىنى قىلىپ، ھەدەپ ياغاچ يۆتكەۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز كەينىدىن بىر تال تاش قۇلىقىغا ۋىڭڭىدە كېلىپ تېگىپتۇ. ئۇ يەنە بىر دېۋىگە:

— ھەي! بېشىمنى ياراي دەۋاتامسەن؟ ئاۋايلاپ ئىش قىل، — دەپتۇ.

— مەن سېنى ھېچنېمە قىلمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ پاكار دېۋە.

— بۇ ئورمانلىقتا ئىككىيلەنلا بار تۇرساق، سەن بولمىساڭ كىم بولاتتى؟

ئىككى دېۋە بىر ھازا تالاش - تارتىش قىلىپ، كېيىن يەنە ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىپتۇ.

ماشىنىچى يەنە بىر تال تاشنى ئېلىپ ئېگىز دېۋىنىڭ بېشىغا كۆچەپ بىر ئاتقانىكەن، تاش ئۇدۇل بېرىپ ئېگىز دېۋىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە قاتتىق تېگىپتۇ. ئۇ چىدىيالماي

ۋارقىراپ كېتىپتۇ ھەمدە پاكار دىۋىگە ۋارقىراپتۇ:
— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ نېمىشقا مەن بىلەنلا ئېيتىشىدىسەن؟

— نېمىشقا مەندىنلا گۇمانلىنىسەن؟ — دەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بوپتۇ پاكار دىۋە.

ئېگىز دىۋە ئاچچىقلىنىشقا باشلاپتۇ:

— ئاغزىڭ ئەجەب يامانكەن سېنىڭ، سېنى بوغۇزلىۋەتمەيدىغان بولسام. ئۇ شۇنداق دەپلا، پاكار دىۋىنىڭ ياقىسىدىن تارتىپلا ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

پاكار دىۋىمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇمۇ ئېگىز دىۋىنىڭ مەيدىسىگە كۇچەپ بىرتى قويۇپتۇ.

ئېگىز دىۋىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، بىر تال ياغاچنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇرماقچى بوپتۇ. پاكار دىۋىمۇ بىر تال ياغاچنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇشىدىن گويا گۈلدۈرماما چاققاندەك قاتتىق ئاۋاز چىقىپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرى ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقاپ، ئۆيلىرىگە مۆكۈنۇۋاپتۇ.

ماشىنىچى بولسا چوڭ دەرەخنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئۇرۇشۇشىنى تاماشا قىپتۇ.

ئىككى دىۋە ئۈچ سائەت سوقۇشۇپ، ئاخىر ھېرىپ - چارچاپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمەي يەردە يېتىپ قاپتۇ.

— مېنىڭ پەقەت جېنىم قالمىدى، كىچىك بالىغىمۇ كۇچۇم يەتمىگۇدەك بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ ئېگىز دىۋە.

— مەن سەندىن بەتتەر ھېرىپ كەتتىم. بىرەر موماي مېنى بىر پۈۋلەپ قويسىمۇ ئۇچۇپ كەتكۇدەك ھالغا كېلىپ

قالدىم، — دەپتۇ پاكار دىۋە. ماشىنىچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكلا خۇشال بوپتۇ، ئۇنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىكەن.

بۇ چاغدا ئۇ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ دەرەخنىڭ كەينىدىن چىقىپ، دىۋىلەرنىڭ بېشىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا كېسىۋاپتۇ. ماشىنىچى ئىككى دىۋىنىڭ بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە خان ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. دىۋىلەرنىڭ بېشىمۇ بەكلا ئېغىر - دە!

پادىشاھ ماشىنىچىنىڭ دىۋىنى ئۆلتۈرەلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بەكلا خۇشال بوپتۇ ۋە 5000 سەر ئالتۇن بىلەن تارتۇقلىغاندىن باشقا، مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىپتۇ.



# ئەجدىھانى يوقىتىش

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم بىر جايدا ناھايىتى ياۋۇز بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇ داۋاملىق كەنتكە بېرىپ ھايۋانلارنى، ھەتتا ئادەملەرنىمۇ يەۋېتىدىكەن.

كەنتتىكىلەر تەشكىللىنىپ كالتەك، پىچاق، شەمشەر قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ، ئەجدىھانى يوقاتماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇلار ئەجدىھانىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگەلمەپتۇ.

كىشىلەر تۆمۈردىن نۇرغۇن ئۆتكۈر قوراللارنى ياساپمۇ ئەجدىھانى يېڭەلمەپتۇ. چۈنكى، ئەجدىھانىڭ تېرىسى پولاتتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. شەمشەرنىڭمۇ كۈچى يەتمەپتۇ.

كەنتتە 13 ياشلىق مىلۇ ئىسىملىك بىر بالا بار بولۇپ، ھەر قېتىملىق ئەجدىھانى يوقىتىش ھەرىكەتلىرىگە تولۇق قاتناشقانىكەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئەجدىھانىڭ قورساق تېرىسى يۇمشاق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ - دە، كىشىلەرگە:

— مېنىڭ ئەجدىھانى يوقىتىدىغان ئامالىم بار، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئەجدىھا ئاڭلاپ قېلىپ، كەنتتىكى كىشىلەرگە تەھدىت سېلىپتۇ:

— مىلۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، بولمىسا مەن كەنتتىكى ھەممە ئادەمنى يەۋېتىمەن!

كەنتتىكىلەر ھېچقانداق ئامال تاپالماي، مىلۇنى ئورمانلىقتا مەلۇم مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

مىلۇ كەتكەندىن كېيىن، ئەجدىھا قاتتىق كۆرەڭلەپ كەنت ئاھالىسىگە:

— ھازىردىن باشلاپ ئادەملەرنى ۋە چارۋىلارنى يېمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىمەن. لېكىن، سىلەر چوقۇم كۆلچەككە كالا سۈتى ۋە ھەسەل ئەكېلىپ بېرىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ.

كەنت ئاھالىسى كۈندە كۆلچەككە كالا سۈتى بىلەن ھەسەل ئاپىرىپ بېرىپتۇ، لېكىن كەنت ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە قىيىنلىشىپ كېتىپتۇ. بارا - بارا «بۇ بەرىبىر مەسىلىنى ھەل قىلىش تەدبىرى ئەمەس» دېگەن غولغۇلىلارمۇ بوپتۇ. كەنتتە نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بولغاچ، ئۇلار يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئېلىپ مىلۇنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ.

مىلۇ ئەجدىھانىڭ كۆلچەكتە يېتىۋېلىپ قىلىۋاتقان قىلمىشىنى ئاڭلاپ، بەكلا ئازابلىنىپتۇ. ئۇ كەنتتىكى كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈن بويى شارقىراتما ئاستىدىكى كۆلچەكتە، ئۇزاق ۋاقىت نەپەسلەنمەي تۇرۇشنى مەشىق قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارى كۈندىن - كۈنگە يېتىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىپ كېلىپ، شەمشىرىنى ئېلىپ ئەجدىھانى يوقاتماقچى بوپتۇ. لېكىن، ھەرقېتىم بارغاندا ئەجدىھا دائىم كۆلچەكتە قورسىقىنى يەرگە چاپلاپ ياتقاچقا، پەقەتلا قول سالالماپتۇ.

ئاخىر مىلۇ بىر ياخشى چارە ئويلاپ تېپىپتۇ. بىر كۈنى كەچتە، مىلۇ يېڭىنىڭ ئىچىگە شەمشەرنى تىقىۋېلىپ، قەستەن كۆلچەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ نەي چېلىشقا باشلاپتۇ. ئەجدىھا نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىرغاق تەرەپكە كەپتۇ. مىلۇ كۆرمىگەنگە سېلىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئەجدىھانىڭ گۆش يېمىگىنىگە خېلى ئۇزاق بوپتىكەن. مىلۇنى كۆرۈپ شۆلگىيى ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر نەرە تارتىپلا مىلۇنى يۇتۇۋېتىپتۇ. مىلۇ ئەجدىھانىڭ قورسىقىدا خۇددى بېلىقتەك ئۈزۈپ، خەنجىرى بىلەن ئەجدىھانىڭ قورسىقىنىڭ 10 نەچچە يېرىنى تېشىۋېتىپتۇ. ئەجدىھا بىر ھازا جان تالىشىپ، ئاخىر جېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

ئەتىسى، كەنتتىكىلەر ئەجدىھاغا سۈت ئېلىپ بارسا ئەجدىھا ئاللىقاچان ئۆلگەن، مىلۇ بولسا چارچىغان ھالدا ئەجدىھانىڭ يېنىدا ياتقۇدەك. كەنتتىكىلەر مىلۇنى يۈدۈپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، چۈشتە مىلۇ ئۈچۈن ھەشەمەتلىك تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تورى
www.uyghurkitap.com

# زەھەرلىك يىلاننى پەم بىلەن ئۆلتۈرۈش

ئورمانلىقتا تولىمۇ زەھەرلىك بىر يىلان بار ئىكەن. ئۇ ئۇچلۇق تىلىنى چىقىرىپلا قۇشلارغا زىيان سالىدىكەن، ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىمۇ يەيدىكەن. شۇڭا، ھايۋانلار ئۇنىڭغا بەكلا ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ.

ئاق بۆجەن ھاممىسىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئەقىل - پاراسەتلەرنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ھايۋان ئىكەن.

ئاق بۆجەن ماختانغان ھالدا:

— مەن چوقۇم زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆپچىلىككە زىيان سېلىشىغا يول قويمايمەن، — دەپتۇ.

كۆپچىلىك ئاق بۆجەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئىشلىتىپ، زەھەرلىك يىلاننى تېزرەك يوقىتىشىنى تىلەپتۇ. لېكىن، ئاق بۆجەن زەھەرلىك يىلاننى قانداق ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ھېچقانداق ياخشى ئامال تاپالماپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر يىلىم چىقىدىغان دەرەخنى كۆرۈپ قاپتۇ. دەرەخنى شۇنداق تىلىسىلا دەرەختىن نۇرغۇن يىلىم ئېقىپ چىقىدىكەن. بۇ

يىلىم بەك كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى ئاجراتماق تەس ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاق بۆجەن يىلىم بىلەن زەھەرلىك يىلاننى يوقاتماقچى بوپتۇ. ئاق بۆجەن پىچاق بىلەن يوغان بىر ئىغىز ئېچىپ، بىردەمدىلا نۇرغۇن يىلىم سۈيى يىغىۋاپتۇ ھەمدە يىلىمنى قولىدا پومىلاپ سىپىزغىنە قۇش شەكلىگە كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن بىر تال يىپنى ھىلىقى قۇشنىڭ پۇتىغا باغلاپ، ئۇنى ئوتلاقتا سۆرەپ مىڭىپتۇ.

ھىلىقى «سىپىز قۇش» تاقلاپ ـ تاقلاپ، ئاخىر زە- ھەرلىك يىلاننى جەلپ قىپتۇ. «سىپىز قۇش» زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دىككىدە سەكرەپلا ئوت ـ چۆپنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. زەھەر- لىك يىلان دەرھال ئېتىلىپ بېرىپلا، «سىپىز قۇش» نى چىشلەپتىكەن، زەھەرلىك يىلاننىڭ چىشلىرى «سىپىز قۇش» قا چاپلىشىپ قېلىپ، ئاغزىنى ئاچاي دىسىمۇ ئاچال- ماپتۇ. زەھەرلىك يىلان ئۇيان- بۇيانغا يۇمىلاپ، ھالسى- راپ كېتىپتۇ.

دەل بۇ چاغدا ئاق بۆجەن كېلىپ:

— يىلان ئاكا، گۆش يېگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دەپتۇ. زەھەرلىك يىلان ئاق بۆجەنگە قاراپتۇ، لېكىن گەپ قىلالماپتۇ.

ئاق بۆجەن يەنە:

— سېنى مەن قۇتۇلدۇرۇپ قويايمۇ؟ — دەپتىكەن، زەھەرلىك يىلان بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

ئاق بۆجەن مەغرۇر ھالدا:

— مېنىڭ قارشىمچە سېنىڭ چىشىڭنىڭ ھەممىسىنى

تارتىۋېتىش كېرەك، بولمىسا باشقا ئامال يوق، — دەپتۇ.

زەھەرلىك يىلان گەرچە چىشىنى تارتقۇزۇشنى خالى-مىسىمۇ، باشقا ئامال يوقلۇقىنى ئويلاپ ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئاق بۆجەن كىچىك پىچاقتىن بىرنى ئېلىپ، زەھەر-لىك يىلاننىڭ چىشلىرىنى تارتىشقا باشلاپتۇ ھەمدە يىلاننىڭ ئاغزىدىكى «سېمىز قوش» نى چىشى بىلەن قوشۇپ چىقىرى-ۋېتىپتۇ-دە، خۇشال ھالدا ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە ئۆيگە قايتىپتۇ.



# بىر كومزەك زەھەر

بۇرۇن بىر ئاچ كۆز ناھىيە ئامبىلى بار بولۇپ، دائىم پۇقرالارنىڭ سوۋغىسىنى ئالىدىكەن، بىر كۈنى بىر يېزىلىق ئادەم ئۇنىڭغا بىر كومزەك ھەسەل ئەكەپتۇ.

ئامبال بۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ كۈتۈپخانىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. دەل شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئازراق ئىشى چىقىپ قېلىپ، سىرتقا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەسەلنى يېۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ماڭىدىغان چاغدا:

— كۈتۈپخانامدا بىر كومزەك زەھەرلىك دورا بار. ھەرگىز تەگمەڭلار، — دەپ قويۇپ مېڭىپتۇ.

خىزمەتكارلارنىڭ ئارىسىدا لىۋ شياۋسەن دەيدىغان بىرى بولۇپ، چاققان، ئەقىللىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئامبالنىڭ پارىخور، شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى ھەم ھاماقەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دائىم ئامبالنى ئەخمەق قىلىدىكەن.

ئامبال كەتكەندىن كېيىن، لىۋ شياۋسەن كۆپچىلىككە:

— بۇرادەرلەر كېلىڭلار، ھەممىيلەن بۇ بىر كومزەك زەھەرلىك دورىنى يېۋېتەيلى، — دەپتۇ.

بىر خىزمەتكار:

— زەھەرلىك دورىنى يېگىلى بولامتىمۇ؟ — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ليۇ شياۋسەن كۈلۈپ كېتىپ:

— ئامبال سىلەرنى ئالدىماقچى. بۇ مەرگىزىمۇ زە-ھەرلىك دورا ئەمەس. چوقۇم ھەسەل. ھەسەل بەك تاتلىق بولىدۇ، — دەپتۇ.

— تاتلىق بولسىمۇ يېسەك بولمايدۇ. ئامبال بېگىم قايتىپ كېلىپ بىزنى ئەيىبلىسە، جېنىمىزنى ساقلىمىقى-مىز تەس بولىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر خىزمەتكار.

— ئەنسىرىمە، سىلەر يېيىشنى بىلىڭلار، ئەگەر ئام-بال بىزنى ئەيىبلىسە، مەن ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن، — دەپتۇ ليۇ شياۋسەن.

شۇنداق قىلىپ، تۆت خىزمەتكار ھەسەلنى يېيىشىپ-تۇ. ھەسەلنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ليۇ شياۋسەن ئام-بالنىڭ كىتاب ئىشكابىنىڭ ئۈستىدىكى گۈل لوڭقىسىنى يەرگە بىرلا ئۇرۇپ، پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ، گۈللەرمۇ ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ.

چۈشتىن كېيىن ئامبال قايتىپ كەپتۇ. ئامبالنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خىزمەتكارلارنىڭ قورققى-نىدىن رەڭگى تاتىرىپ كېتىپتۇ. ليۇ شياۋسەن تۇيۇقسىز يەردە زوڭ ئولتۇرۇپ، پۇت - قولىدىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ. ئامبال كۇتۇپخانىغا كىرسە، يەردە ئەينەك پارچىلىرى چېچىلىپ تۇرغۇدەك، ليۇ شياۋسەن ھەدەپ يىغلاۋاتقۇدەك.

— نىمە ئىش بولدى؟

— بېگىم، سىلى كەتكەندىن كېيىن مەن كۇتۇپخاند-لىرىنى رەتلەپ قوياي، دەپ كىرىپ، شىرە - ئورۇن-

دۇقلارنى سۇرتۇۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن سىلى ئامراق گۈل لوڭقىسىنى چېقىپ قويدۇم. گۇناھىم ئېغىر، چوقۇم ھايات قالمايمەن دەپ ئويلاپ، سىلىنىڭ بىر كومزەك زەھەرلىك دورىلىرىنى ئىچىۋالدىم. مەن ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ.

ئامبال ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن خاپا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈلگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئامالسىز يېڭىنى بىر سىلكىپ قويۇپلا، قوبۇلخانىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ.



[General Information]
书名=有趣的童话故事　维吾尔文
SS号=40219933

www.uyghurkitap.com